مەملىكەت بويىچە ١٠٠ ئۈنۈملۈك ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىستېمىسىغا كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال

美拉斯

# MIRAS



# ميراس

2
2016

ISSN 1004-3829
04>

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىملىرى

(باش كىيىملىرى)






قوش ئايلىق ژۇرنال 2016 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 154 - سان)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئىلىم قاراشلىرى ..................
......................... ئىسمائىل ھېكىم، ئابدۇۋەلى قادىر (1)
ئۇجمە دەرىخى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئورنى ھەققىدە .........
....................................... زۇلھايات ئۆتكۈر (7)
ئۇيغۇرلارنىڭ «تۆرىلىش» داستانى ۋە كۆچ» داستانى ...... ئالىمجان ھاۋۇز (62)

## لەقەمسىز ئەر بولماس

ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم ۋە لەقەم چاقچاقلىرى ............ دۆلەت ئاقنىياز (46)

## ئادەت قېرىماس

خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى ...... توپلىغۇچى: سابىرجان سېيىت (13)
ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ...... مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (36)
ئۇيغۇر دېھقانچىلىق ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە ...... گۈلھايا تۇرسۇن ئۇدمىش (55)

## ساقلىقىڭ شاھلىقىڭ

ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىق تېبابىتى ھەققىدە ................ مەمەت جۇمە (76)
مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى .................... زىباگۈل تۇرسۇن (42)
كۆك (بېدە)نىڭ شىپالىق رولى ........... راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى (53)
ئۆرۈكنىڭ شىپالىق رولى ........................ راخمانجان رۇسۇل (72)

## يېمەكلىرىمىز

خوتەننىڭ «توغراق ئېشى» ۋە توغرىقا ............... مامۇت قۇربان (16)
ناننىڭ ئورنى ۋە يۈزلىنىشى ...... ئابدۇغېنى ئوسمان، ئابنۇر ئەخمەت (21)


喀什天尔塔格书店



نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
ئازاد سۇلتان (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتىمىن
ئەزىزەم تۇيغۇن

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
جەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

يىمەك-ئىچمەك توغرىسىدىكى ئەپسانە ــ مەسەللەر ..........
.................................. توپلىغۇچى: سابىرجان سىيىت (26)

## ئايدىڭ كېچىلەر

مۇھەببەت قوشاقلىرى .................................. (51)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ئۇچار گىلەم .................................. (32)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

سۇداندىكى باركال تېغى ۋە ناپاتا ...... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (67)

## ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك

گۈننار ياررىڭنىڭ گۇمدا توپلىغان ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى ..........
.................................. زۇلھايات ئۆتكۈر (74)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 33 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 33 يىللىق شانلىق تارىخىدا 154 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 33 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت

كوررېكتور: نۇرنىسا باقى

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: ئاشىق، مىنياتۇرا رەسىم   نەۋبەت سىزغان

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نەۋبەت، ئېلىجان ئىسمائىل تەمىنلىگەن


Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


社长,总编：
阿扎提·苏里坦
教授,博导
副社长,副总编：
木合塔尔·买买提
(编审,法人代表)
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克（副编辑）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئىلىم قاراشلىرى

ئىسمائىل ھېكىم، ئابدۇۋەلى قادىر

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئالىمى، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، لۇغەت شەكلىدىكى ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىلار سۇلالىسىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش گۈللەنگەن، مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان مەزگىلدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كۆپ قاتلاملىق ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىككە ھەم قەدىمىلىككە ئىگە بولۇپ دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان بىباھا ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە، شۇنداقلا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق، كەڭ ئىلىم ساھەسىگە مەلۇمكى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» بۈيۈك ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى، خەلق ئەدەبىياتى، سەنئىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرى، تېبابەتچىلىكى، ھەربىي ئىشلىرى ۋە

ئىقتىسادىي تۈزۈمىشى، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى، پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئالاقىدار بولغان نۇرغۇن 1-قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ ①. بولۇپمۇ بۇ ئەسەر بىزگە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مول ۋە ئىشەنچلىك پاكىتلارنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى بىلەن تارىخىي مىراسلار مۇنبىرىدە ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەر ئىچىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىلىدىن ئېلىنغان 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەرنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تۈرلۈك تېمىدىكى 20 دەك ئەپسانە-رىۋايەت، 200 دىن ئارتۇق ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر، 300 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر-قوشاق بېرىلگەن ②.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى كۆپ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بىزنى ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەزكۇر ئەسەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلىم-مەرىپەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇنى ئاساسلىقى لۇغەتتە كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر، ماقال-تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، بېيىت-قوشاق، پەند-نەسىھەت قاتارلىق ئامىللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، يالغۇز «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆز، خەلق ئىچىدىن توپلىغان ماقال-تەمسىل، بېيىت-قوشاق ۋە پەند-نەسىھەت خاراكتېرلىك مەزمۇنلارغا قاراپلا ئەينى دەۋردىكى مائارىپ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە يەكۈن چىقىرىش قىيىن، ئەلۋەتتە. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ زامانىدىشى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ئەينى دەۋرنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ۋە تەلىم-تەربىيە بەرگۈچى ئورگانلار ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق مۇئەللىپنىڭ بىر قىسىم باياناتلىرى ۋە ئىدىيە، كۆز قاراشلىرىدىن 11-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر دۇنياسىدا ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۇقىرى ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى بارلىقىغا ئىككى ئاپتورنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەبچىگە، ئىسلام مەدەنىيىتىگە پىششىق بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن③.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان ئىلىم-مەرىپەتكە ئائىت سۆزلەر، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان پەلسەپىۋى ۋە پەند-نەسىھەت خاراكتېرلىك جۈملىلەر، ماقال-تەمسىللەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە مەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇچرىغان ئىلىم-مەرىپەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن مىسال ئېلىپ ئۆتىمەن.

1. «دىۋان»دا مىسالغا ئېلىنغان مائارىپ (ئىلىم-مەرىپەت) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەملەر:

(1) ïlïmqa (1-توم، 195-بەت)، (خان مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدىغان كاتىپ).

(2) alïmlïq (1-توم، 201 -بەت)، (alïmlïq är — ئىلىمى بار ئادەم، ئېلىشى بار ئادەم).

(3) bildüzdi (2-توم، 289-بەت)، (بىلدۈردى، ئۆگەتتى. مەسىلەن، ئۇ ماڭا ئىش بىلدۈردى. iš bildüzdi ol maŋa)

(4) bilik (1-توم، 501-بەت)، (بىلىم، مەسىلەن، بىلىم ئۆگەن bilik ögrän)

(5) bilik (1-توم، 501-بەت)، (ئەقىل. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن. بالا ئەقىلسىز، يەنى بالىدا ئەقىل يوق. oglan biliksiz)

(6) biliklig (1-توم، 662-بەت)، (بىلىملىك، بىلىملىك كىشى. biliklig kisi)

(7) biltürdi (2-توم، 249-بەت)، (بىلدۈردى، ئۆگەتتى. مەسىلەن، ئۇ ماڭا ئىش بىلدۈردى. iš bildüzdi ol maŋa)

(8) Bitig (3-توم، 239-بەت)، (تۈركلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ دۆۋەتى.)

«دىۋان»دا « bitigü» دەيدىغان سۆز «تۈركلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ دۆۋەتى» دەپ ئىزاھلىنىشى بىزنى شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە كىتاب يېزىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلالايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ دۆۋەتلىرىمۇ مەشھۇر بولغانىدى④.

(9) bitiklik (1-توم، 661-بەت) (خەت پۈتۈلۈشتە ئىشلىتىدىغان نەرسە).

«دىۋان»دا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «bitiklik är» دېگەن سۆزنى «قەغىزى بار ئادەم» دەپ ئىزاھلىشىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەردە 11-ئەسىردە قەغەزنىمۇ «bitik» دەيدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

(10) tapuglug (1-توم، 645-بەت) (tapugluq är) خىزمەتلىك ئادەم، خىزمىتى بار ئادەم).

(11) yazïgcï (3-توم، 74-بەت)، (يېزىقچى، خەتچى، قۇدىلار ئارىسىدا خەت-خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئەلچى.)

2. «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان ئىلىم-مەرىپەت ئىددىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پەند-نەسىھەت خاراكتېرلىك جۈملىلەر:

alg˘ïl o ul ärdäm tilä

boyda ulug˘ bigä bolup bilkiŋ ülä

يېشىمى: «ئەي ئوغۇل، مەندىن ئۈگۈت، نەسىھەت ئال، پەزىلەتلىك بول، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات» (1-توم، 72-بەت).

بۇ پەند-نەسىھەت ئارقىلىق شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مەزگىللىك پەرزەنت تەربىيەلەش مۇساپىسىدە ئەۋلادلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆگەنگەن بىلىمنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ خاسىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە بۇنى ئەۋلاد تەربىيەلەشتىكى ئاساسلىق بىر قائىدە ھەم توپ ئىدىيەگە ئايلاندۇرغان.

ärdäm tilä ögränipän bolma küväz

ärdämsizin ögünsä äŋmägüzdä äŋär

يېشىمى: «ئىلىم-ھېكمەت ئىستە، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ» (1-توم، 335-بەت).

og˘lum ögüt alg˘ïl biliksizlik kätär

talqan koimiŋ bolsa afjar bäkmäs katar

يېشىمى: «ئەي ئوغلۇم، ئۈگۈت-نەسىھەتنى قوبۇل قىل، ئۆزۈڭدىن نادانلىقنى نېرى كەتكۈز؛ تالقىنى بولغان كىشى ئۇنىڭغا شىرنا قاتىدۇ، ئەقلى بولغان كىشى ئۈگۈت-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ»، (1-توم، 574-بەت).

مانا بۇلار يالغۇز پەندى-نەسىھەتلەرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلەرنى ئىلىم-مەرىپەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەش ئىدىيەسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىنىشى ۋە تىل-يېزىق شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىشىدۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەند-نەسىھەتلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، دەسلەپكى پەند-نەسىھەتتە خەلقنىڭ پەرزەنتلەرنى ئىلىم-ھېكمەت ئىزدەشكە چاقىرىش، ئۆگىنىشتىن چېكىنمەسلىككە، كىچىككىنە ئىشنى بىلىۋېلىپلا ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ غادايماسلىققا، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە ئۈندەش ئىدىيەسى ئىپادىلەنگەن.

bilgä ärig äzgü tutup sözin äšit

ärzämini ögränipän išqa sora

يېشىمى: «ئالىم، دانىشمەن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئەردەم (پەزىلەت)لىرىنى ئۆگەن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت» (1-توم، 558-بەت).

بۇ پەند-نەسىھەتتە بولسا كىشىلەرنى بىلىملىك، ئىلىم-مەرىپەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش، ئۇلارغا قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، ئالىم، دانىشمەن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۈندەش ئىدىيە ئىپادىلەنگەن.

bilgä ärän savlarïn alg˘ïl ögüt

äzgü savïq äzläsä özgä siŋär

يېشىمى: «بىلىملىك ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدىن نەسىھەت ئال، ياخشى سۆز تەسىر قىلسا قەلبكە سىڭەر» (3-توم، 211-بەت).

og˘lum saŋa kozurmän ärdäm ögüt humaru

bilgä ärig bulup sän baqqil anïŋ tabaru

يېشىمى: «ئوغلۇم ئەدەپ-ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن؛ بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان» (3-توم، 597-بەت).

بۇ پەند-نەسىھەتلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ دانىشمەن كىشىلەرنى چوڭ بىلىش ھەمدە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش، ئەۋلادلارنى ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشكە ئۈندەش ئىدىيەسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. بىز مۇشۇ ئىدىيە ۋە باھالاردىن

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىلىملىك كىشىلەرنى قانچىلىك يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ ھۆرمەتلەپ كەلگەنلىكىگە ئىلمىي ئۇسۇلدا ھۆكۈم قىلالايمىز. خۇددى كونىلار: «ئالىمنىڭ قەدرىنى ئالىملار بىلەر» دېگەندەك، خەلقىمىز بۇرۇندىن تارتىپلا ئالىملارنى، دانىشمەنلەرنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا يېقىنلاشتى، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنى تەكىتلەپ كەلدى. ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋرلەردىلا ئىلىم ئەھلىگە تايىنىش ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشنىڭ جەمئىيەتنى ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ۋە بۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش يولدا توختىماي ئىزدىنىشقان.

3. «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان ئىلىم-مەرىپەت ئىدىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقال-تەمسىللەر:

qut bälgüsi bilik

يېشىمى: «بەخت بەلگىسى بىلىم» (1-توم، 557-بەت).

بۇ ماقالىدە بىلىمنىڭ بەختكە ئېرىشىشنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى، دۇنيادا بىلىمگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت بولمايدىغانلىقى، بەختكە ئىنتىلگۈچى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئالدى بىلەن ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلىشىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقى كۆرسىتىلىپ، خەلقىمىزنىڭ بىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئىلىم-مەرىپەتنى ھەرقانداق بەختتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا ئۈندەش ئىدىيەسى گەۋدىلەنگەن.

ula bolsa yol azmas bilik bolsa söz yazmas

يېشىمى: «بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا، سۆزدىن قايماس» (1-توم، 123-بەت).

بۇ ماقالىدە، كىشىلەرنىڭ چۆل-جەزىرىلەردە يۈرگەندە، يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا يولدىن ئېزىپ قالمايدىغانلىقى، كىشىدە بىلىم بولسا سۆزدە يېڭىلىپ قالمايدىغانلىقىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلغان. شۇ ئارقىلىق بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

alp qärikdä bilgä tärikdä

يېشىمى: «باتۇر سەپتە سىنىلار، دانا يىغىندا (سىنىلار)» (1-توم، 504-بەت).

بۇ ماقالىدە بولسا، ئوخشاشلا بىلىم ئېلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، «ھەققىي باتۇر جەڭ مەيدانىدا ئايرىلىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش دانىشمەن، ئەقىللىق كىشىلەرمۇ، ئالىم، دانىشمەنلەر، بىلىملىكلەر يىغىلغان سورۇندا سىنىلىدۇ» دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«دىۋان»دا مىسالغا ئالغان تىل ماتېرىياللىرىغا قارايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن مەزمۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. بىز بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، «دىۋان»دا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن ماقال-تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، پەندى-نەسىھەت قاتارلىق بايانلار بىزگە ئەينى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىنتىلىشى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا قولدىن كېلىشچە ياردەم بېرىش، بىلىمنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەش، بىلىملىك، دانىشمەن كىشىلەردىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئەينى دەۋردە شۇ دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار بولغان دۇنيا قارىشى ھەققىدە يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يۇقىرىدا ئېلىنغان تىل پاكىتلىرىدىن باشقا، يەنە بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياشىغان دەۋرى قاراخانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەردە مەخسۇس خانلىق مەدرىس، خانلىق كۇتۇپخانا قاتارلىق مائارىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار قۇرۇلۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىدىن بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف (مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇستازى)، جامال قارشى (ئەبۇل فەزلى ئىبنى مۇھەممەد)، مەشھۇر ھەكىم ئىمامۇدۇن كاشغەرىي، قاتارلىق داڭلىق تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، مائارىپچى، يازغۇچى، تېۋىپ، شائىرلار يېتىشىپ چىققان ⑤. يۇقىرىقىلار بىزگە، ئەينى دەۋردە قاراخانىيلار مائارىپىنىڭ خېلى زور تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياشىغان مەزگىلى قاراخانىيلار مەدەنىيەت-مائارىپ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ئەينى دەۋردىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر چوڭ جەھەتتىن «ئىپتىدائىي مەكتەپ» (باشلانغۇچ مەكتەپ)، «قارىخانا» (كەسپىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ) ۋە

ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىنىدىغان مەدرىس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىلار پايتەختى قەشقەردە مەشھۇر بولغان «ساچىيە مەدرىسى» قۇرۇلغان بولۇپ، داڭلىق ئەدىب جامالىدىن كاشغەرىي قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ دەرس باشلىشى بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ مەدرىسىنىڭ تارماق مەكتەپلىرىمۇ قاراخانىلار سۇلالىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى يەرلەردە ئېچىلغان. «ساچىيە مەدرىسى» شۇ دەۋردىكى ئومۇملاشقان ئىلمى ۋە تىببىي مەكتەپ بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا قۇرۇلغان ھەم ھازىر دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى (1200 ـ يىلى قۇرۇلغان) ۋە ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى (1200 ـ يىلى قۇرۇلغان) قاتارلىق ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىنمۇ ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېگىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلغان. ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان نوپۇزلۇق ئەربابلار بۇ مەدرىستە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەردىن دەرس بەرگەن. قاراخانىلار سۇلالىسى يەنە «خانلىق كۇتۇپخانا» تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. «ساچىيە مەدرىسى»نىڭ قۇرۇلۇشى قاراخانىلار زىيالىيلىرىنىڭ بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش قىيىنچىلىقىغا خاتىمە بەرگەن. نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار يول ئازابى ۋە مۇساپىرچىلىق دەردىدىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى مۇشۇ مەكتەپتە قاندۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار، تارىخشۇناسلار، شائىرلار، سىياسىي ئەربابلار ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئىستېداتلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. «ساچىيە مەدرىسى»دىن ئىبارەت بۇ ئىلىم يۇرتىنىڭ جاھانغا تونۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن نۇرغۇنلىغان ئىلىم خۇمار كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

قاراخانىلار دەۋردە يالغۇز مەدرىسلەرلا قۇرۇلۇپلا قالماي، ھازىرقىغا ئوخشاش بىر قىسىم كەسپىي تېخنىكا مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرىمۇ قۇرۇلغان. مەسىلەن، يەكەندە قۇرۇلغان «سىپاھىيە» (ھەربىيلەر تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى)، «شىپائىيە» (تىببىي مەكتەپ)، «ھۇدۇدىيە» (مۇداپىئە ئىشلىرى مەكتىپى) قۇرۇلۇپ، ئەينى دەۋردە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان⑥.

مەدرىس مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قاراخانىلار دەۋرىدە كۆپلىگەن ئالىملىرىمىز مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى يازدى ۋە ھەر خىل تىللاردىكى قىممەتلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى. بىراق بۇ ئەسەرلەردىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزگە تېخى نامەلۇم بولغان يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىغا گۇمان قىلمايمىز ئەلۋەتتە. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى يۈكسەك مەدەنىيەتنى نامايان قىلىدىغان تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى. مەدرىس مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن. قاراخانىلار دەۋردە مەدرىس مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىلىملىك كىشىلەر قوشۇنى زورىيىپ، ھەدىسشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، تېبابەت، ئاسترونومىيە، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرنىڭ تەتقىقات دائىرىسى كېڭەيگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي باغداتتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۆزىنىڭ يۇرتىدا ئەينى دەۋردە مەشھۇر بولغان «مەھمۇدىيە مەدرىسى»نى قۇرۇپ، ئۆزى ئون يىلغا يېقىن مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇنلىغان بىلىملىك شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئاچقان بۇ مەدرىستە يالغۇز دىنىي ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىپلا قالماي، بەلكى دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن پەننىي ئوقۇتۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى بولغان تەربىيە مۇھىتى ھازىرلاپ بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن مەھمۇد كاشغەرى «ئىلىمگە ھۆددىگار پىرىم» دەپ شەرەپلىك نام ئالغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، مەيلى ئالىم، تېۋىپ، مەيلى خەزىنىدار، كاتىپ، سىياسىيون، قازى، ئىمام، مۇپتى، خاتىپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى دەۋردىكى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن مەدرىسلەردە تەربىيەلىنىپ چىققانلىقىغا ھېچقانداق گۇمان يوق ئەلۋەتتە. ئەگەر بىز شۇ دەۋرنىڭ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش ئىمكانىيەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك،

«مەدرىسە» مائارىپىدىن باشقا، «قەلەم» ئارقىلىق يېتىشكەن ئالىملاردىن ئالاھىدە دەرس ئېلىپ تەربىيەلەنگەنلەرنىڭمۇ بارلىقىغا گۇمان يوقتۇر⑦.

خۇلاسىلىغاندا، گەرچە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مائارىپقا ئائىت سۆز-ئاتالغۇلار بەك كۆپ ئۇچرىمىسىمۇ، ئەينى دەۋرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى، مائارىپ تۈزۈلمىسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋردە يېتىشىپ چىقىپ، بىزلەرگە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي، «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەھمەد يۈكنەكى ۋە شۇنداقلا مۇشۇلار بىلەن زامانداش بىر تۈركۈم ئالىملارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە پۈتكۈل شەرق ئىلىم دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، بىزگە قاراخانىلار دەۋرىدە مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدەك مائارىپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن يېتەرلىك ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1-، 2-، 3-توملار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل 9-ئاي نەشرى، 1983-يىل، 1984-يىل 1-ئاي نەشرى.

2. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىل 11-ئاي نەشرى، (707-، 708-بەت).

4. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 06 20-يىل 4-ئاي 2-نەشرى، (160-بەت، 166-بەت).

5. ھاجى نۇرھاجى، چېن گوۋاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىل 11-ئاي نەشرى، (87-، 88-بەتلەر).


ئىزاھاتلار:

① بۇلبۇل ئەكرەم، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىن ئەجدادلارنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىگە نەزەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى»، ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە — ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2008-يىللىق 1-سان.

② غاپپار روزى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىي نەمۇنىلەردە ئىپادىلەنگەن ئىلىم-مەرىپەت قارىشى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2003-يىللىق 3-سان.

③ رىشات گەنچ (تۈركىيە): ««دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىل 12-ئاي ( 266-بەت).

④ رىشات گەنچ (تۈركىيە): ««تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىل 12-ئاي، (274-، 275-بەت).

⑤ ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل 7-ئاي، (123-،124-بەت).

⑥ غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر: « 10-ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەددىسە مائارىپى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شىنقاڭ ئىنجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008-يىللىق 4-سان.

⑦ رېشات گەنچ (تۈركىيە): ««تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» («ئۇيغۇرچە نەشرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىل 12-ئاي، (278-بەت).

(ئاپتورلار: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا)


# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# ئۈجمە دەرىخى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئورنى ھەققىدە

**زۇلھايات ئۆتكۈر** (شۋېتسىيە)

دەرەخ ــ تەبىئەت شەكىللەنگەندىن بۇيان خۇددى سۇ، تۇپراق، ھاۋاغا ئوخشاش ئىنسانلار ۋە جانلىقلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىكى دەرەخلەرگە چوقۇنۇشى خېلى چوڭقۇر ئىدىيەۋى ئاساسقا ئىگە ئېتىقادلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرىمۇ تا بۈگۈنگە كۈنگە قەدەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

ئەجداد توتېمى، يەر ـ سۇ توتېمى ۋە كۆك (تەڭرى) توتېمى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توتېم ئېتىقادىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دەرەخ ئېتىقادى مۇشۇ خىل توتېملارغا تەۋە بولغان ئېتىقاد ھادىسىسى بولۇپ مىللەتلەر تۈركىي تىللىق ئەپسانىلىرىگە ئاساسلانغاندا تەڭرى توققۇز خىل ئىنسان ئىرقىنى توققۇز شاخلىق دەرەخنىڭ سايىسىدە ياراتقانمىش ①.

يەنە بىر ئۇيغۇر رىۋايىتىدە كائىنات مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: كائىناتنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قېتىدا سۇ قېتى بولۇپ، ئۇستۇنكى قەۋەتتە يەر يۈزى جايلاشقان. يەر يۈزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈك شەكىللىك غوللىرى سەككىز بۇرجەكلىك شەكىل ئالغان غايەت زور بىر دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ يەتتە خىل جاۋاھىراتتىن تەركىب تاپقانلىقى ۋە ئۇنىڭ سۇ ئۈستىدىكى يەر يۈزىنى كۆتۈرۈپ دەستەكلەپ تۇرغانلىقى بايان قىلىنغان ②.

تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىدا دەرەخلەر ھەققىدىكى ئىدىيەۋى چۈشەنچىلەر تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىپ بارغان. يەنى ئىپتىدائىي

ئىنسانلار دەل- دەرەخلەرنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكىنى سىرلىق چۈشەنچىلەرگە باغلاپ تەپەككۇر قىلىشقا باشلى- غان. ئۇلار بۇ خىل قانۇنىيەتلىك تەبىئي ھادىسىلەرنى تە- بىئەتتىن تاشقىرى يەنە بىر خىل ھاياتلىق چۈشەنچىسىگە باغلاپ تەپەككۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېڭىدا دەرەخلەردىمۇ روھ بولىدىكەن دېگەن ئىدىيەۋى چۈ- شەنچە پەيدا بولغان. نەتىجىدە دەرەخلەرگە ئىلاھ سۈپىتى- دە چوقۇنۇش ئېتىقادى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان، سىرلىق- لاشقان. ئەڭ دەسلەپتە دەرەخلەرگە چوقۇنۇش دەرەخ- لەرنىڭ ماددىي ھالىتىگە چوقۇنۇش بولغان بولسا، ئانى- مىزم چۈشەنچىسى شەكىللەنگەن دەۋردىكى دەرەخلەر رو- ھىغا چوقۇنۇشنى ئىدىيەۋى مەزمۇن قىلغان③.

ئانىمىزم (روھچىلىق) چۈشەنچىسىدە ئىنسانلار ئۆل- گەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھلىرى قەبرە ئەتراپىدا، دە- رەخلەرگە، ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا پۈتكۈل تەبىئەت ۋە مۇھىتتا ياشايدۇ، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا ھاياتـ- لىقتىكى ھادىسىلەرگە ئائىت بىر روھتىن ئىبارەت④.

تەڭرى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخ بىر خىل ۋاستىچى، خەۋەرچى، ئەلچى رولىنى ئۆتىگەن. تەبى- ئەت ھادىسىلىرىگە ئائىت مۇراسىملار مەسىلەن، يامغۇر تىلەش، كۈن ۋە ئاي تۇتۇلۇشنى توساش، شامال چىقى- رىش ۋە توختىتىش مۇراسىملىرىدا، ئۇنىڭدىن باشقا توي ۋە دەپنە مۇراسىملىرى، بەرىكەت تىلەش ئادەتلىرى بولسۇن ھەممىسىدىلا دەرەختىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى شامانلار ھەققىدىكى ماقالىگە ئاسا- لانغاندا، شامانلارنىڭ شامان تەربىيەسى قېرى دەرەخلەر- نىڭ تۈۋىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر بىر شاماننىڭ ئۆزىنىڭ مازار ماشايىخلىرى ۋە قوغدىغۇچى دەرىخى بولىدۇ. قە- رەللىك تۈردە ئۆزى تەربىيە ئالغان دەرەخ تۈۋىدە قان قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇ خىل دەرەخلەرگە تۇغ چىگىپ قويۇلىدۇ⑤.

شۆبىتسىيەدە ساقلانغان يۇرتىمىزغا ئائىت ماتېرىيال- لارنىڭ ئىچىدىكى بىر مىسسىيونېر خاتىرىسىگە ئاساسەن، بىر قېتىملىق يامغۇر تىلەش مۇراسىمى مۇنداق تەسۋىرلەن- گەن:

يامغۇر تىلەش جەريانىدا چوقۇم جامائەت ئىچىدىكى ياشقا ئەڭ چوڭ كىشى باشتىن- ئاياغ تۇرۇشى كېرەك بولۇپ، جەدىچى ھايۋاناتلارنىڭ ئىچكى ئەزاسىدىن ياسال- غان تاشنى يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ قې- نىغا چىلاپ، دەرەخ شېخى بىلەن ئىلەشتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ رىسالىسىنى ئوقۇيدۇ⑥.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئۆرپ- ئادەت، يوسۇنلىرىدىنمۇ تارىختىن بۇيان دەرەخنى ئۇلۇغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈ- ۋالالايمىز.

بالا يۈزى كۆرمىگەن ئاياللار بالا تىلەش يۈزىسى- دىن قەشقەر ئوپالدىكى مەھمۇد كاشغەرىي مازارىنىڭ يېنى- دىكى ھاي- ھاي تېرەكنىڭ يېنىغا بېرىپ تىلەك تىلەيدۇ. ئۇلار تېرەكنىڭ شېخىغا لاتا پارچىلىرىنى ئېسىپ دۇئا قىلىپ ئاللاھتىن پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەيدۇ ⑦.

بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مېيىتنى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدىمۇ مېيىت بىلەن قوشۇپ ياغاچتىن يا- سالغان بۇيۇملارنى (نوغۇچ، قاچا) بىللە دەپنە قىلىش ئا- دەتلىرى بار.

جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان توغراق، سۆگەت، ئۈجمە، تېرەك، ئارچا ۋە ئالما دەرەخلىرىنى ئىلاھىي دەرەخلەر دەپ بىلىپ كەلگەن.

**1. ئۈجمە دەرىخى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەخ تو- تېمى ئېتىقادى**

ئۈجمە دەرىخىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقا- دىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلاھىي دەرەخ. ئۇيغۇر- لارنىڭ ئۈجمە دەرىخىنى تىكىشى دەرەخ توتېمى ۋە دەرەخ ئېتىقادىدىن كەلگەن. ئېتىقاد چۈشەنچىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۈجمە دەرىخى ياخشى روھلارنىڭ ماكا- نى دەپ قارىلىدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھېلىمۇ «ئۈجمە دەرىخى 40 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ، يەنى ئۇ روھلارنىڭ تۇ- رالغۇسى، ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئۇششاق قۇشلار روھلىرى ماكانلاشقان دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۈجمە دەرىخى ئىشىكنى توسۇۋالغان تەقدىردىمۇ، ئىشىك- نى باشقا تەرەپتىن ئاچسا ئاچىدۇكى، ھەرگىز ئۈجمە دە- رىخىنى كېسىۋەتمەيدۇ ياكى يۆتكىۋەتمەيدۇ». جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا كىشىلەر ھويلىسىغا ئۈجمە دەرىخى تىكىپ ئۆستۈرىدىغان ئادەتنى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلاپ قالغان، بۇ خىل ئادەت ئۈجمە دەرىخىنى ئۇلۇغ- لاش چۈشەنچىسىنى ئىدىيەۋى مەنبە قىلغان ⑧.

**2. ئۈجمە دەرىخى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى- دە ئوينىغان رولى**



ئۈجمە خاسىيەتلىك دەرەخ دەپ قارىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈجمە دەرىخىنى ئىشىك ئالدىغا تىكىشىدە يەنە ساۋاب تېپىش قارىشىمۇ بار. ئۈجمە پىشقاندا ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەن غېرىب-غۇرۋالار، يولۇچىلار، باللار ئۈجمىنى ئىرغىتىپ يېسە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، سايىسىدە سايىدايدۇ. ئۇيغۇرلاردا سىمۋول خاراكتېرلىك دەرەخ تىكىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي ئەنئەنىۋى ئادەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۈجمە دەرىخى ئۇيغۇرلاردا ئۆينىڭ ھۇزۇرى، بەرىكىتى ۋە ئىستىقبالىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن.

يۇنان مىتولوگىيىسىدە ئۈجمە دەرىخىنىڭ يارىتىلىشىغا ئائىت مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

بۇرۇنقى زاماندا بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق بولۇپ قىزنىڭ ئىسمى تىسپە، يىگىتنىڭ ئىسمى پىرەمۇس ئىدى. ئۇلار تام قوشنا بولۇپ، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ قوشۇلماسلىقىغا قارىماي بىر-بىرىنى ناھايىتى سۆيەتتى. بىر كۈنى ئۇلار ئورمانلىقتىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە كۆرۈشمەكچى بولۇپ ۋەدىلىشىپتۇ. تىسپە يىگىتتىن بۇرۇنراق ۋەدىلەشكەن جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە يېڭىلا ئولجىسىنى يېگەن ئاغزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر يولۋاس بىلەن قارشىلىشىپ قاپتۇ ۋە قورققىنىدىن غارغا كىرىپ مۆكۈۋېلىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ ۋە شۇ جەرياندا بېشىدىكى ياغلىقنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يىگىت دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ يوغان بىر يولۋاسنىڭ ئۆز سۆيگۈنىنىڭ ياغلىقنى چىشلىرى بىلەن پارچىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۆيگۈنىنى يولۋاس يەۋەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ دەرھاللا يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ھېچ ئىككىلەنمەستىن يۈرىكىگە ئۇرىدۇ.

بۇ ئەسنادا سۆيگۈنى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىغان تىسپە ئۆڭكۈردىن چىقىدۇ ۋە كېلىپ دەرەخ تۈۋىدىكى كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ يىغلاشقا باشلايدۇ. بىر ئازدىن كېيىن قارىسى ئۇزاقلاشقان يولۋاسنى ۋە ئۆزىنىڭ ياغلىقنى كۆرۈپ بولغان ۋەقەنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇمۇ سۆيگۈنىسىز بۇ ھاياتتا ياشىغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇمۇ ئىككىلەنمەستىنلا سۆيگۈنىنىڭ يۈرىكىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا ئۆز كۆكسىگە ئۇرۇپ سۆيگۈنىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىدۇ.

بۇنى كۆرگەن تەڭرى بۇ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ مۇھەببىتىنى مەڭگۈلۈك قىلماقچى بولۇپ شۇ دەرەخنى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە سىمۋول قىلىدۇ. يىگىتنىڭ قېنى بىلەن دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، قىزنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا ئۈجمىنىڭ قولغا يېپىشىپ قالغان دېغىنى (تىسپەنىڭ كۆز يېشى) پەقەتلا ئۈجمە دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى (پىرەمۇسنىڭ قېنى) بىلەنلا يۇيۇۋەتكىلى بولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەت شۇنىڭدىن كەلگەنمىش، تۈركىي تىللىق خەلقلەردىمۇ مازارلىقلارغا ئۈجمە دەرىخى تىكىدىغان ئادەتلەر بار.

ئۈجمە دەرىخىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ يۇرتىمىز بىلەن ئالاقىدار بولغانلىقى ھەققىدە تۈركىي تىللىق مەنبەلىرىدە مۇنداق قەيت قىلىنغان.

تەسەۋۋۇپچى ئۇستاز ئەخمەت يەسەۋى ئەۋلىيالار ياققان گۈلخاندىن ئۇچى يېنىپ تۇرىدىغان بىر ئۈجمە ياغىچىنى تۈركىستاندىن ئاتىدۇ ۋە ئۇ ياغاچ ئانادولۇ تەرەپكە چۈشىدۇ. بۇ ياغاچ كېيىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن دەل ھازىرقى ھاجى بەكتاش ۋەلى مەقبەرەسىدىكى 700 يىللىق تارىخقا ئىگە ئۈجمە دەرىخىگە ئايلانغان. بۇ دەرەخ خاسىيەتلىك بىر دەرەخ بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ دەرەختىن ئۈجمىنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاپ، دەرەختىن تىلەكلىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى سوراپ دۇئا قىلىشىدۇ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا دەرەخنىڭ ئۇچى ھازىرمۇ يېنىپ تۇرارمىش.

ئۈجمە دەرىخى مېۋىسى ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان مەنپەئەتلىك دەرەخ بولۇپ، مېۋىسىدىن تارتىپ يوپۇرماق، شاخ-شۇمبىلىرى، قوۋزىقى ۋە ياغىچىغىچە ھەممىسى داۋالاش، ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ

كېلىدىغان بىر ساخاۋەتلىك دەرەختۇر. ئۈجمە دەرىخىنىڭ مېۋىسى شىپالىق مېۋە بولۇپ، ئۈجمىنىڭ جىگەر، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، تەمرەتكىنى ساقايتىش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىق روللىرى بار. ئاقىل ئەجدادلار ئۈجمە 2-قېتىم پىشقاندا ئۇنىڭدىن «ئۈجمە شىرنىسى» ياساپ، قىش پەسلىدە ئەتىگەنلىك غىزادا بىر-ئىككى قوشۇقتىن ئىچىشنى ئادەتلەندۈرگەن، ئۈجمىنى قۇرۇتۇپ «ۋاسالغۇ» قىلىپ، ئىستېمال قىلىشنىمۇ غىزالىنىش ئادىتى قىلغان، ۋاسالغىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈجمە دەرىخى تىكىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن پىلە بېقىش ۋە پىلىدىن يىپەك چىقىرىپ «ئەتلەس»، «شايى تاۋار» قاتارلىق نەپىس رەختلەرنى توقۇپ، ئۇنىڭدىن خاس كىيىملەرنى تىكىپ كىيىشكە ئاساس سالغان⑨.

خوتەن قەغىزى — دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىمىزدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. «خوتەن قەغىزى» ئاساسلىقچە يىرتىلمايدىغان ۋە چىرىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، ئەۋرىشىم بولغاچقا، خەت يېزىشتىن باشقا يەنە دورا-دەرمانلارنى ئوراش، كىيىم-كېچەكلەرگە قاتۇرما قىلىش، ھەر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. خوتەن قەغىزىنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى «سامان قەغىزى»نىڭ خام ماتېرىياللىرىغا ئوخشاشمايدىغان ھالدا، توغراق ۋە ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىبارەت.

فىنلاندىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى مانىنېرخېيمنىڭ بايانىدا، ئۇ خوتەن قەغىزىنىڭ ياسىلىش جەريانىنى ۋە خام ئەشيانىڭ ئۈجمە دەرىخىدىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە، «ئۇ كۈنى بىز يولدا ئېشەككە يۈك ئارتىپ ماڭغان كارۋان بىلەن ئۇچراشتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 140 نەپەر كارۋان گۇمىدىن يەركەنتكە قەغەز، كىشمىش ئۈزۈم توشۇپ ماڭغانلار ۋە 20-، 30 نەپىرى خوتەندىن قەشقەرگە قاراپ يېپەك يىپ، قوي يۇڭى توشۇپ ماڭغانلار ئىدى» دەپ خاتىرىلىگەن⑩.

بۇنىڭدىن خوتەن قەغىزىنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئوبوروت ۋاستىسى بولۇپ، يىپەك يولى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1970-يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشتە، خارابىلەر ئىچىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 200-يىللارغا تەۋە بىر ئايال جەسەتنىڭ كۆكسىگە ئۈجمە ياغىچى قوشۇپ كۆمۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادا يىپەكچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ⑪.

ئۈجمە دەرىخى ياغىچى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ياغاچ. ئۇنىڭ ياغىچى چىڭ، چىدامىلىق، ئويۇش، يونۇشقا ئەپلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن تەگنە، ئاياغ، قوشۇق، چۆمۈچ، ھارۋا، ئورۇندۇق، سەندەل، ئاشاختا-نوغۇچ، بۆشۈك، ئىشىك، كۇنگۈرە، شوتا، كاتەك، سېۋەت، زەمبىل قاتارلىقلار ئويۇلىدۇ ۋە ياسىلىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلاردىن خەلقىمىز تەمبۇر، ساتار، راۋاب، دۇتار، داپ چەمبىرىكى، سۇناي دەستىسى، ناغرا، ساپايە قاتارلىقلارنى ياسايدۇ.

ئەنئەنىۋى چالغۇلىرىمىزدىن بولغان ساتارنىڭ ئۈجمە دەرىخىدىن ياسالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ئۇ زاماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شۇ مەزگىلدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي بۇلۇتقا مىنىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىت 8-ئاي مەزگىلى بولۇپ، بۇ زات ئەكەلگەن ساتارنى بىر مەزگىل سەھەر ۋاقتىدا چېلىپتۇ. بۇ چاغدا پۈتكۈل مەخلۇقاتتىن تارتىپ دەل-دەرەخ، ئۇسۇملۇك، جان-جانىۋارغىچە، ھەتتا ئاسماندىكى مالائىكەلەرمۇ بۇ قېتىملىق سازغا مەھلىيا بولۇپ تىڭشاپتۇ، سازنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ئېرىپ كېتىپ، ئادەم، ھايۋانات، قۇرت-قوڭغۇزلارغىچە ھوشىدىن كېتىپ ئۆزۈلىنىشتىن توختاپ قاپتۇ، ساز چېلىنغان شۇ ئەسنادا ئاسماندىكى مالائىكەلەرمۇ خۇشاللىقىدىن يىغلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار زېمىندىكى تاغلارغا، دەريا-دېڭىزلارغا چۈشۈپتۇ. شۇ ۋەجىدىن تاغلاردىكى تاشلارنىڭ بىر قىسمى ئالتۇن-كۈمۈش، ئېسىل مەدەنلەرگە، دەريا-

016

دېڭىزلارنىڭ ئاستىدىمۇ جانىۋارلارنىڭ بىر قىسمى ئېسىل نەرسىلەرگە ئايلىنىپتۇ. شۇ چاغدا مالائىكىلەرنىڭ تۆككەن يېشى كۆيۈكتاغقا تېمىپ كەتكەنىكەن. تاشنىڭ بىر قىسمى لەئەل- ياقۇتقا ئايلىنىپتۇ، ئىلگىرىكى كۆيۈكتاغ كېيىن لەئەلتاغ دەپ ئاتىلىپتۇ، شۇڭا بۇ لەئەلتاغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان كىشىلەر قەدىمكىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ، يەتتىنچى، سەككىزىنچى ئاي مەزگىلىدىكى يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ئېگىز تاغقا، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرگە چىقىپ، ھېلىقى بوۋاينىڭ ساز چېلىشىنى كۈتىدىكەن، ساز چالغان بوۋاينى سېغىنىپ ساما سالىدىكەن، لېكىن ساز چېلىنماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئورمانلىقتىكى دەل- دەرەخلەرنى كېسىپ، بوۋاي چالغان ساتارغا ئوخشىتىپ ياساپ چالسىمۇ، ئۇنداق يېقىملىق چىقماپتۇ. يەنە ياساشقا كىرىشىپ، پۈتكۈل ئورماننى كېسىپ ئىلگىرى ئورمان بىلەن قاپلانغان لەئەلتاغ كېيىن ئورمانلار كېسىلىپ تۈگەپ يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ، پادىشاھ كىمدەكىم بوۋاي چالغان سازغا ئوخشىتىپ ياساپ، شۇنىڭغا ئوخشىتىپ يېقىملىق ئاۋاز چىقىرالىسا، نۇرغۇنلىغان ئالتۇن- كۈمۈش ئىنئام قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ ئوغلى ساز ياساش ئۈچۈن پالتا ئېلىپ ئورمانلىققا كېتىپ بارسا، ئالدىدىن بىر ئاقساقال بوۋاي چىقىپ:

ئوغلۇم، بۇ شەھەردىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ئادەملەر ساتار ياسايمىز دەپ، — جاڭگالدىكى دەرەخلەرنى كېسىپ تۈگەتتى. ئوغلۇم، مەن ساڭا ئېيتايكى، 18 مىڭ ئالەمدىكى ساتار بولىدىغان دەرەخنى كېسىپ ياساپ باقساڭمۇ ھەرگىز چالغۇ بولماس. سەن ساز چېلىشقا ئىشتىياق باغلاپسەن، سازنى ئىشتىياق باغلىغاندا ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئوغلۇم، ھېلىقى بوۋاي چالغان سازنىڭ ئاۋازىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولالىغان بىرلا ئۈجمە دەرىخى بار. ئۇ سازنى باشتىن- ئاخىر ئاڭلىغاچقا، ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۈجمىنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ساتارنى ئۈجمە دەرىخىدىن ياساش بەخشەندە قىلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئاۋازى جەننەتتىكى ھۆر- غىلمانلار، جانىۋارلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ ئۈچقۇندىسىدۇر. بىر يىل 12 ئايدۇر. بۇ 12 ئاي ئەچىدە چىقىدىغان پۈتكۈل ئاۋاز 12 خىلغا بۆلۈنۈپ چېلىنىدۇ. تەڭرى 12 خىل ئاۋازدىن باشقا ئاۋازنى زېمىنغا چۈشۈرمەيدۇ. بىلىپ قويغۇنكى، ساتارنىڭ ئاۋازى جاھاندىكى ئەڭ قاتتىق نەرسىلەرنى ئېرىتەلەيدۇ، كىشىلەرنى خۇش قىلالايدۇ ھەم يىغلىتالايدۇ. ساتار بولسا ئادەمنىڭ شەكلىدۇر. يۈرەكنىڭ چوڭ تومۇرى 32دۇر. ئادەملەر ئۇنى چالسا، يۈرەكتىكى دەرد- ئەلەم، قايغۇ- ھەسرەت، خۇشاللىق ئەنە شۇ 32 تومۇر ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقىپ، 32 قۇلاققا مەركەزلىشىدۇ. بۇ ئاۋاز دۇنيادا ئەڭ غالىبتۇر، ئۇنى ھېچكىممۇ توسۇيالماس، ئۇ ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاقماس، بازغاندا ئۇرسىمۇ ئېزىلمەس ھەم ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ كۈچى يەتمەس. چۈنكى ئۇنىڭغا يۈرەكنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەجرى سىڭگەندۇر. ئادەملەر ھاۋالىق، باغ- بوستانلىقتا يايرىغانغا ئوخشاش، ئۇمۇ جاننىڭ راھەتلىنىدىغان باغ- بوستاندۇر. ساتار چېلىنسا، تىلسىز، تىللىقلارنىڭ جېنى يايرايدۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىت قايتىپ كېلىپ، ئۈجمە دەرىخىنى كېسىپ، ئادەم شەكلىدە ساتار ياساپ، 30 قۇلاق ۋە يۈرەك تارىنى بېكىتىپ، پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ چالغانىكەن، خۇددى تاغ ئۈستىدە بوۋاي چالغان ساتارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش چىققاچقا، پادىشاھ بۇ يىگىتكە نۇرغۇنلىغان ئالتۇن- كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سازەندىلەر ئۈجمە دەرىخىدىن ساتار ياساشنى ئۆگىنىۋالغانىكەن⑫. ئۈجمە سەيلىسىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋە سەيلە- ساياھەت ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۈجمە سەيلىسى ھەر يىلى ئۈجمە تازا مەي باغلاپ پىشقان چاغلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەزگىلدە كىشىلەر قاتار ئۈجمىزارلارغا بېرىپ، يېڭى بىر يىلنىڭ ئەڭ بالدۇرقى شېرىن مېۋىسى بولغان ئۈجمىگە ئېغىز تېگىدۇ. قىش كېتىپ، باھار كېلىپ يازغا ئۇلاشقان ئۇچار قۇشلار، جان- جانىۋارلارمۇ ئۈجمىنىڭ مېۋىسىنى يەپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىدۇ. پائالىيەت داۋامىدا كىشىلەر نەغمە- ناۋا، بېيىت قوشاق ئېيتىشىپ ۋە مەشرەپ تۈزىدۇ، ئەجدادلىرىمىز ئۈجمىنى ئۇلۇغلاپ ئۆستۈرۈشنى ئۇدۇم قىلىپ كەلگەن.

تۈركى تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئەنئەنىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «دۈت دەدە (ئۈجمە بوۋا) سەيلىسى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشچە ھاجى بايرامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان 14- ئەسىردە ياشىغان بىر ئەۋلىيانىڭ ھاسىسى

يەرگە ئۆرۈپ قويغانلىقى بىلەن بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى پەيدا بولۇپ، پۈتۈن ئوردا ئۇنى يېسە، يېسە تۈگىمەپتۇ. بۇ سەيلىدە ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە خاسىيەتلىكلىكى خاتىرىلىنىپ، دەرەخكە لاتاپۇرۇشلار ئېسىلىپ تەبەررىكلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ توتېم ئېتىقادىدىن قالغان يەنە بىر مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

**3. ئۈجمە دەرىخى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلىرى**

**1) ماقال-تەمسىللەر**

ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش

ئۈجمە تۈگىگەندە سوپسوپىياڭ كەپتۇ.

ئۈجمە كۆڭۈل

ئۈجمە يەۋالغان بۇلبۇلدەك

ئۈجمە ئۆستۈرگەن كىشىنىڭ ئۈجمىسى پىشىپ مېۋىسى يەرگە تۆكۈلگەندە، ئۇنىڭ گۇناھى بولسا ئۈجمە بىلەن بىللە تۆكۈلىدۇ.

**2) قوشاقلار**

ئۈجمە پىشتى هويلامدا،
ئۆزۈلۈك كېلىپ تېرىپ كەت.
ماڭا كۆڭۈل بەرمىدىڭ،
ئەرگە تەگمەي قېرىپ كەت.

* * *

هويلامدىكى ئۈجمەڭنىڭ،
بىر شېخى راۋاپ بولدى.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
يۈرەكىم كاۋاپ بولدى.

* * *

هەي باللار باللار،
ئۈجمە يەيلى كېلىڭلار.
سۇندۇرۇۋەتمەي شېخىنى،
پىششىقىنى ئېلىڭلار

* * *

هويلامدىكى ئاق ئۈجمە،
پىشىپ قاپتۇ بىيمەستە.
كۆڭلۈمدىكى سۆزۈمنى،
بىلىۋاپسەن دىيمەستە

**3) چۈش تەبىرلىرى**

ئاق ئۈجمە يەپ چۈش كۆرسە رىزقى كۆپ بولۇر.

قارا ئۈجمە كۆرۈپ چۈش كۆرسە ئالتۇنغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۈجمە كۆرۈپ چۈش كۆرسە باشقا مەنىسى بۇ سىزنىڭ باشقىلاردىن پۇل ئارىيەتكە ئالىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ.

چۈشىدە ئۈجمە دەرىخىنى كۆرسە، كۆڭۈل ئازادىلىكىدىن ۋە مول بەرىكەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۈجمە تېرىپ چۈش كۆرسە خەيرلىك ئالامەتتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ، تۇتۇش قىلغان ئىشلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**4) چۆچەكلەر**

«ئۈجمە سايىسى» ناملىق ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى

ئۈجمە دەرىخى ھەققىدە مەدەنىيىتىمىزگە ئائىت ساقلانغان بەلگىلەر ۋە ئىرىملاردىن پۈتكۈل تۈرك مەدەنىيىتىدىكى بىر قىسىم ئېتىقاد ۋە ئادەت-يوسۇنلارنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، خۇسۇسىيلىققا ئىگە بىر مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن ۋە تا بۈگۈنگە قەدەر تۇرمۇشىمىز ۋە ھاياتىمىزدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

پايدىلانمىلار:

① ئەمەل ئېسىن — ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئوسمانلىغىچە تۈرك سەنئىتىدىكى رەسىم ۋە مۇتىفلار ھەققىدە.
② ئەمەل ئېسىن — تۈرك كوسمولوگىيەسىگە كىرىش.
③ ئابدۇرېھىم راخمان — ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى.
④ دوكتور ئەرمان ئارتون — تۈركلەردە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئېتىقادلار.
⑤ دوكتور ئادەم ئۆگەر — ئۇيغۇرلاردا شامانلار ۋە ئۇلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى.
⑥ داۋىد گوستافسون — ئۇيغۇرلاردىكى خوراپىيلىق ۋە ئەقىدىچىلىك، «مىراس» ژۇرنىلى 2011-يىللىق 5-سان.
⑦ دوكتور ئادەم ئۆگەر — ئۇيغۇر تۇرۇۋكلىرىنىڭ بايرام ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى.
⑧ http://uyghur.xjass.com/uyghur/content/2009 - 07/21/content - 92520.htm
⑨ ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر.
⑩ https://uyghur.ittc.ku.edu/2013/texts/uig/uig1905-kg207-il.xml
⑪ ئۇلكۇ گۇرسوي — تۈرك مەدەنىيىتىدە دەرەخ ئېتىقادى ۋە ئۈجمە دەرىخى.
⑫ ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.



# خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى





### سامسا يېقىش ئويۇنى

سامسا يېقىش ئويۇنى — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن
تارتىپ ئويناپ كېلىۋاتقان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى
بولۇپ، بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش،
تەن ساغلاملىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كۆڭۈل ئېچىش قا-
تارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

سامسا يېقىش ئويۇنى مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەن
ياكى مەشرەپنىڭ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلماي قىلىقسىزلىق
قىلغانلارنى جازالايدىغان، كىشىلەرنى ھەر خىل سورۇنلار-
دا ئەدەپلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان قىزىقارلىق ئويۇنلار-
نىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپ سورۇنىدا قىلىقسىزلىق
قىلغانلار مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ بەدىنى-
نىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ يېرىم
يالىڭاچ قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر «سامسا ياققۇچى» تەكلىپ
قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ھەمدە سامسا ياققۇچىغا بىر يار-
دەمچى شاگىرت تەيىنلىنىدۇ. جازالانغۇچى مەيدان ئوتتۇ-
رىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. سامسىپەز جازالىغۇچىنىڭ دۈمبىسى-
نى مۇتۇپ خېمىر يۇغۇرىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇش جەريانىدا
يەنە دۈمبىسىگە سۇ سېپىپ تۇرىدۇ. خېمىر پىشقاندىن
كېيىن خېمىرنى ئۈزۈپ جىلىت ئېچىپ سامسىنى تۈگىدۇ.
ئارقىدىن يەنە جازالانغۇچىنى تونۇر قىلىپ قىزىتىشقا باش-
لايدۇ. ئوت قالايمىز دەپ قەغەزگە ئوت يېقىپ كاسىسىغا
تۇتىدۇ، كۆسەي بىلەن تونۇرنى كوچىلىدۇق دەپ ھەر
خىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئاندىن «تونۇرغا
سامسا ياقىدۇ»، «سامسا يېقىش» جەريانىدا «تونۇر»

جىم تۇرۇشى، ئۆرە تۇرۇۋالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. سامسا يېقىش بىلەن بىللە سۇ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئارقىدىن سامسىنى قومۇرۇپ مەشرەپ ئەھلىگە تەڭلەيدۇ. بۇ ئويۇن تاكى مەشرەپ ئەھلى جازالانغۇچىنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ «سامسا يېتەرلىك بولدى !» دەپ توۋلىغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### ساتىراش ئويۇنى

ساتىراش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنى رەتلىك، پاكىز بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغان ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا بەدەن تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن كىشىلەرگە باھانە قويۇش سەۋەبى بىلەن مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ بۇ كىشىگە تەربىيە قىلىنغاندىن كېيىن بۇ تەربىيەنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر ساتىراش چاقىرىلىپ جازالانغۇچىنىڭ چاچ-ساقىلىنى ئېلىپ قويۇشقا بۇيرۇلىدۇ، بۇ ساتىراش ئۆزى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ياغاچتىن ياسالغان يوغان ئۇستىرا، قايچا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ناھايىتى «ئۇستاتلىق» بىلەن جازالانغۇچىنىڭ بېشىنى ئۇۋۇلاش، ساقال-بۇرۇتىنى ئۇۋۇلاش، چاچ ئېلىش جەريانىدا ناھايىتى قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئويۇن جەريانىدا يەنە بىر قىزىقچى كىشى جازالانغۇچىغا ئورۇندۇق بولۇپ بېرىدۇ. ساتىراش چاچ ئېلىشتا كىشىلەرنى كۈلدۈرىدىغان كۈلكىلىك ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ، بۇ ئويۇندا جازالانغۇچىنىڭ ئويۇن تۈگىگىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى ساتىراش جازالانغۇچىنىڭ چاچ-ساقىلىنى ئېلىپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن بىر قەدەر قوپال، قاتتىق بولسىمۇ مەيدان شارائىت تەلەپ قىلمايدىغان ئويۇن بولغاچقا، مەشرەپنىڭ ئاساسلىق ئويۇن تۈرلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ تاكى ھازىرغىچە مەشرەپ ئويۇنلىرىدا ئوينىلىپ كەلمەكتە.

### كۆلىنىڭ كىندىكىنى تېپىش ئويۇنى

كۆلىنىڭ كىندىكىنى تېپىش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ بەدەن كۈچىنى سىناش ۋە بەدەن كۈچىنى ئۆستۈرۈش، مەشرەپ سورۇنىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

كۆلىنىڭ كىندىكىنى تېپىش ئويۇنى قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەرگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەر خىل مەشرەپلەردە مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەنلەرنى، مەشرەپتە قىلىقسىزلىق قىلغانلارنى جازالاش ۋە باشقىلارغا تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن ئوينىلىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەن ياكى مەشرەپ قائىدىلىرىنى بۇزغانلار ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلىپ بىر مېتىر ئېگىزلىكتە كېلىدىغان يوغان ئىدىشقا لىق سۇ قويۇلىدۇ، سۇنىڭ ئاستىغا بىر قانچە تال تاش قويۇپ قۇيۇلىدۇ. جازالانغۇچى ئىدىشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىدىش ئىچىدىكى تاشنى ئېلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ، پەقەت قولى بىلەن ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا جازالانغۇچى بېشىنى ئىدىشقا تىقىپ سۇغا چۆمۈلۈپ تاشنى تاپىدۇ. بۇ ئويۇن ئىدىش ئاستىدىكى تاشنى ئېلىپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ ياكى مەشرەپ ئەھلى ئۇنى گۇناھىدىن كېچىپ جازانى بىكار قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇن تۈرى سەل قوپاللىراق بولغاچقا ھازىر ئوينالمايدىغان بولدى.

### پاختەك ئۈچۈرۈش ئويۇنى

پاختەك ئۈچۈرۈش ئويۇنى — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئوينىلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان، مول مەزمۇنغا ئىگە ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئويۇن ھازىر مەشرەپلىرىمىزدە، كۆپ ئادەم قاتناشقان جامائەت سورۇنلىرىدا، توي-تۆكۈنلەردە، نورۇز بايراملىرىدا ئوينىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ چىدامچانلىقىنى سىناش، چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

پاختەك ئۈچۈرۈش ئويۇنى — قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردە، يېڭىسار، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل ئاممىۋى خاراكتېرلىك پائالىيەت بولۇپ، ھەر خىل مەشرەپلەردە يىگىتبېشى ۋە باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئوينىلىدىغان قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇن مەيدان، سايمان تەلەپ قىلمايدىغان ئاددىي ئويۇن بولۇپ، مەشرەپ سورۇنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان، مەشرەپتىكىلەرنى كۆزگە

ئىلمىغان ياكى باشقىلارنى گەپكە تۇتقان كىشى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئېلىپ چىقىلىپ يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ باش كىيىمى ئېلىپ تاشلىنىپ، مەشرەپ قىزىقچىلىرىدىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ جازالىغۇچىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، «قۇ، قۇ پاختەك ئۇچتى» دەپ جازالىغۇچىنىڭ قولىقىنى بېشى بىلەن قوشۇپ يېنىك ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇ ئويۇندا جازالىغۇچىنىڭ ئويۇن جەريانىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىگە ياكى قولىقىنى تۇتۇۋېلىشىغا، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالىغۇچىنىڭ قولىقى قىزارغىچە، 30 ئوغۇل ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ بولدى قىلغۇچە داۋاملىشىپ مەشرەپ سورۇنىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىدىغان بىر خىل قىزىقارلىق ھەم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئويۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

## پۇتىدا چاي ئىچىش ئويۇنى

پۇتىدا چاي ئىچىش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە، نورۇز بايراملىرىدا، توي - تۆكۈن، كوللېكتىپ سورۇنلاردا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئويۇندۇر. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى سىناش، ئەخلاق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ داۋامىدا چاينى ئۆرۈۋەتكەنلەردىن بىرەيلەن مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا دەرھال ئېلىپ چىقىلىپ، مەشرەپنىڭ تاتلىق چېيى، ئاچچىق تايىقى بارلىقى ئەسكەرتىلىدۇ ھەم چاينى ئۆرۈۋەتكەنلىك جازاسى ئۈچۈن قولى بىلەن پىيالە تۇتۇپ چاي ئىچمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئۇنىڭغا چاي تۇتۇلىدۇ، جازالىغۇچى چازا قويۇپ ئولتۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئىككى پۇتىنىڭ ئۇشۇقىغا بىر پىيالە چاي قويۇلۇپ چاينى قولىدا تۇتماي، ئىككى قولىدا پۇتىنى تۇتۇپ چاي ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئويۇندا جازالىغۇچىنىڭ چاينى ئۆرۈۋەتمەسلىكى، تولۇق ئىچىپ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالىغۇچى چاينى ئىچىپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، چاينى ئىچەلمىسە يەنە بىر قېتىملىق مەشرەپنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

## ئېغىزغا تاقاق سېلىش ئويۇنى

ئېغىزغا تاقاق سېلىش ئويۇنى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان بىر قەدەر ئومۇملاشقان قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش، ساغلاملىقىنى كۈچەيتىش، سورۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنى.

ئويناش ئۇسۇلى: بۇ ئويۇندا مەشرەپ سورۇنىدا سەت گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ھاقارەتلىگەنلەر، كۆپ گەپ قىلغانلار دەرھال مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئېلىپ چىقىلىپ، ئېغىزىنىڭ ئېچىلىش چوڭلۇقى بىلەن تەڭ قىلىپ ياغاچ پارچىسى تەييار قىلىنىپ ئېغىز ئىچىگە تاقاق (ياغاچ پارچىسى) سېلىنىپ ئېغىزنى يۇمالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ مەشرەپ سورۇنىدىكى 30 ئوغۇلنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، گۇناھىدىن كەچسىلە» دەپ ھەممە كىشىدىن ئەپۇ سوراشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئويۇندا گەپلەرنى تولۇق دېيىش شەرت قىلىنىدۇ.

ئويۇن جەريانىدا جازالىغۇچىنىڭ ئېغىزىدىكى تاقاق چۈشۈپ كەتمەسلىكى ياكى ئېلىۋەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تاكى جازالىغۇچى ھەممە كىشىدىن ئەپۇ سوراپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

## ئادەم قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى

ئادەم قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى — ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇن پائالىيىتى بولۇپ، كىشىلەرنى قەيسەر، باتۇر، قورقماس قىلىپ تەربىيەلەيدىغان، نورۇز بايراملىرى، توي - تۆكۈن، يېزا مەشرەپلىرىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان، بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئۇيغۇر ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئويناش ئۇسۇلى: مەشرەپ داۋامىدا قىلىقسىزلىق قىلغانلاردىن ئىككى كىشى دەرھال تارتىلىپ مەيدانغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. جازالانغان بۇ ئىككى كىشى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا قوچقارنى دوراپ كاللىچىلاپ سوقۇشىدۇ، بۇ ئويۇن تاكى ئۇلار ئۆز گۇناھىنى تونۇپ مەشرەپ ئەھلىدىن ئەپۇ سورىغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ ئارقىلىق باشقىلارغا مەشرەپ سورۇنى ياكى باشقا سورۇنلاردا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا ئىبرەت قىلىنىدۇ.

بۇ ئويۇن بىر قەدەر قوپال، قاتتىق بولغاچقا، ھازىر كۆپ ئوينىلىنمايدىغان بولۇپ قالدى.

(توپلىغۇچى: سابىرجان سېيىت)

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن)

# خوتەننىڭ «توغراق ئېشى» ۋە توغرىقا①

مامۇت قۇربان

مەن خوتەندە توغراق ئېشى بارلىقىنى ئاڭلىغىنىمۇ خېلى ئۇزاق بولدى. لېكىن توغراق ئېشى زادى قانداق تاماقتۇ؟ نېمىشقا «توغراق ئېشى» دەپ ئاتايدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم، ئويلىغانسېرى بۇ خىل تاماقنى يېيىشكە تەشنا بولغانىدىم.

مەن 2010-يىلى 8-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ ئارال يولى ئارقىلىق 18سائەت يول يۈرۈپ، خوتەنگە يېتىپ كەلدىم. بۇ يول ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى خوتەن تاشيولىدىن 500 كىلومېتىر قىسقارغانىدى. مەن ئەسلىدە چەرچەنگە بېرىش پىلانىنى تۈزگەن بولسامۇ، لېكىن چەرچەندىن خوتەنگە بارىدىغان يولنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بىراقلا خوتەنگە بېرىشنى قارار قىلدىم. گەرچە تارىم يولىنى كېچىدە بېسىپ ئۆتكەن بولساقمۇ، كېچىچە قۇملۇق، يۇلغۇنلۇق، شورلۇق، داللارغا قاراپ ماڭدىم. پەقەت ئۇيقۇم كەلمىگەنىدى. مەن ئەسلىدىلا سەپەرگە چىققان 1-كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتىم. ئەمما بۇ قېتىم ئەھۋال زادىلا ئوخشىمايتتى. مەن خوتەنگە بىرىنچىدىن، خوتەن دىيارىنى كۆرگىلى؛ ئىككىنچىدىن، توغراق ئېشىنى يېگىلى؛ ئۈچىنچىدىن، كەلپىن خەلقىنىڭ تىلىنىڭ خوتەن خەلقى تىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ خوتەن خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن كەلپىن خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت باردۇ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىش مەقسىتىدە كېتىپ باراتتىم، ئۇيقۇم كەلمىگەنسېرى بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى خىيال قىلاتتىم. مەن 34 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا خوتەنلىك ئوقۇغۇچىلاردىن خوتەننىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىدىم-يۇ، لېكىن بېرىش پۇرسىتى بولمىغانىدى، تىرىشچان، كاللىسى روشەن، ئىگىلىك يارىتىش روھى كۈچلۈك خوتەن خەلقىنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە خوتەن، كېرىيە، يەركەنت، يېڭىسار، قەشقەر، مارالبېشى، ئاۋات، ئۈچتۇرپان، كەلپىنلەردە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن قىلىدىغان ئىشلىرىم بار ئىدى.

كىشىلەر سەيلە-ساياھەت قىلىشىپ چەت ئەللەرگە چىقماقتا، دېڭىز بويلىرىغا بېرىشماقتا، تۈركىيەگە بېرىش مودىغا ئايلاندى. ئېغىزى-ئېغىزىغا تەگمەي ئۇ يەرلەرنى داڭلىشىدۇ، ئەمما شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ يەرنىڭمۇ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، ئۈچتۇرپان مارالبېشى، كۇچالاردا بىز كۆرۈپ باقمىغان ۋە بىز ئۇقمايدىغان، ھازىرغىچە سىرى ئېچىلمىغان قەدىمىي تارىخىي ئىزلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز، مۇشۇنداق كېتىۋېرىپ بۇ تارىخلارنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىمىزنى زادىلا چۈشەنمەيمىز. ئەكسىچە ياپونىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ساياھەتچىلىرى خوتەن، قەشقەرلەرنى زىيارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار پۇللىرىنى خوتەن، قەشقەرلەردە خەجلىدى. بىزدىمۇ دۇنيادا نامى بار خوتەن، قەشقەر، كۇچا مىڭئۆيلىرى، تۇرپان يارغول، جىمسار قاتارلىق قەدىمىي يۇرتلىرىمىز، قاناس، سايرام، باغراش كۆللىرى بارغۇ؟ مەن 60-يىللاردا بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئەتە-ئاخشامدا كوممۇنانىڭ ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىپ تۇراتتىم، بولۇپمۇ 1966-، 1972-يىللىرى كۈزگىچە قاتتىق ئىسسىقلاردا دەشت-چۆللەردە كېيەرگە، يېيىشكە يېتىشمىگەن مەزگىللەردە پىيادە يۈرگەن، زىمىستان قىشلاردا ئوتتۇن توشىغان (بارماق-كەلمەك بەش كۈنلۈك يول)، ھاشالاردا يالاڭ ئاياغ دەسسىگەن، ئاقسۇ قارىتال، جامالاردا ياغاچچىلىق قىلغانىدىم. 1966-، 1968-يىللىرى

① توغرىقا — دىيالېكت ۋە شىۋە پەرقى تۈپەيلىدىن توغرىقا دېگەن بۇ ئاتالغۇ قىسمەن رايونلاردا «توغرۇغا»، «توغرىغا»، «توغرىقا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىز مۇئەللىپنىڭ يازمىسىدىكى «توغرىقا» ئاتالغۇسىنى قوللاندۇق. (مۇھەررىردىن)

157 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاقسۇ كەلپىن تاشيولىنى ئۈچ قېتىم پىيادە باسقان (پىيادە تۆت كۈنلۈك يول) ئىدىم. لېكىن ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايتتى، ھازىر مەن 40 نەچچە يىلدىن كېيىن بۇنداق يوللارنى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ مېڭىۋاتاتتىم، گەرچە مەندە قان بېسىم بولۇپ، شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرگەن، يېشىم چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئانچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. چۈنكى مەن خوتەندىن ئىبارەت بۇ دىيارغا كېتىۋاتقىنىمنى ئويلىغاندا روھىم بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. كېرىيەگە بارىدىغان يولنىڭ ئازراق يېرىنى قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن كەلگەن قىيان سۈرەپ كېتىپ، كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرگە ۋاقىتلىق تۆمۈر كۆۋرۈك ئورنىتىلغاچقا، ئانچە ھايال بولمايلا كېرىيەگە يېتىپ كەلدىم.

كېرىيە خوتەن ناھىيەلىرى ئىچىدە خېلى نامى بار قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى. خەلقى سەمىمىي، تىرىشچان، جاپاكەش خەلق ئىكەن. كېرىيە خەلقىنىڭ لەگمەن، پولۇ، خام قىيمىلىق سۇيۇقئاش، يۇمدان قاتارلىق تاماقلىرى قارىماققا ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن تەملىك ئىدى. كەلپىن چاپىتىسىدىن سەل قېلىن يېقىلىدىغان كاكچىسى، قاتلىما نانلىرى، كاۋاپلىرى ئۆزگىچە تەملىك بولۇپ، ئادەمنىڭ يېگۈسىنى كەلتۈرەتتى. كۈن ئىسسىق بولسىمۇ، ئادەمنى سەگىتىپ تۇرىدىغان قېتىقى، ماروژنىسى، دوغاپلىرى، لەگپۇڭلىرى، چايخانىلىرى بار ئىكەن. ئۆزلىرى ئىشلىگەن چىلان، شاپتۇل شەربەتلىرى تەملىك ئىدى، مەن كېرىيەدە 24 سائەتتىن ئارتۇق تۇرۇپ خوتەنگە قايتىپ كەلدىم. شۇ كۈنى ساۋاقدىشىم مەتىمىن بەردى خوتەن بازارلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. خوتەن بازارلىرىنىڭ دوقمۇش-دوقمۇشىدىكى تاماقخانىلىرىدا كۆمەچ ۋە سامسىنىڭ پۇرىقى ئادەم دىمىقىغا ئۇرۇلاتتى، خوتەندە كۆمەچ تاۋىدا ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقىدەكلا تونۇردىكى قوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىكەن. مانا بۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق «كۆمەچ» ئىدى. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بېرى كۆمەچنى ئوچاق ئالدىدىكى قوغ ياكى ئوچاق ئىچىدىكى قوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ كەلگەنىدى. مەن كۆمەچ پىشۇرۇۋاتقان تونۇردىكى قوغنىڭ يۇلغۇن كۆتىكى ۋە سۆكسۆكتىن تەييارلانغان قوغ ئىكەنلىكىنى كۆردۈم-دە، شۇ ئەسنادا ئاپامنىڭ ئەينى يىللاردا بىزگە تۇرۇپ-تۇرۇپ كۆمەچ كۆمۈپ بېرىدىغانلىقىنى، تونۇرغا يېقىپ بەرگەن كاۋا سامسىلىرىنى ۋە تونۇرغا كۆمۈپ بېرىدىغان كاۋىلىرىنى ئەسكە ئالدىم.

كۆمەچنى پەقەت پىياز بىلەن گۆش سېلىپ پىشۇرغاندا، پىشقان كۆمەچنىڭ ناھايىتى مەززىلىك بولۇشى، پىياز گۆش بىلەن بىللە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا خۇش پۇراق گاز ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل خۇش پۇراق گازنىڭ بىر قىسمى گۆش شورپىسىدا ئېرىپ، تېخىمۇ خۇش پۇراقلىق ماددا ھاسىل قىلىدۇ-دە، كۆمەچ تېخىمۇ تەملىك، مەززىلىك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى چامغۇر شورپىدا، سەۋزە مايدا خۇش پۇراق چىقارغانغا ئوخشاش بولىدۇ. كۆمەچتىن چىقىۋاتقان خۇش پۇراقنىڭ قاندىكى مايلارنى تۆۋەنلىتىش رولىغا ئىگە بولۇشى يەنىلا پىيازدىكى پىياز ماددىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، خوتەن كۆمىچى قارىمۇچ، ئاق مۇچ ۋە باشقا خۇرۇچلارنى سېلىپ پىشۇرغان ئۈرۈمچى سامسىلىرىدىن يېيىشلىك بولىدىكەن. خوتەننىڭ كاكچا نانلىرى يېيىشلىك بولۇپ، قاتلىما نانلىرىدىن قىچى، زاراڭزا، زىغىر، گازىر مايلىرىنىڭ، قوغۇن-تاۋۇز ئۇرۇقى مايلىرىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىكەن. خوتەننىڭ يەنە «دامان نان» دېيىلىدىغان بىر خىل نېنىمۇ بولۇپ، گىردىدىن سەل نېپىز، ئەمما چوڭ نانلىرىدىن سەل كىچىك بولىدىكەن. قوقاستا پىشۇرۇلغان تۇخۇملىرى ئادەمنىڭ تىلىدا قالاتتى؛ شاپتۇلى يوغان، تەملىك بولۇپ، ئىككى تال يېسىلا ئادەم تويۇپ قالىدىكەن، تويپا يېغىپ تۇرغىنى بىلەن قېقىۋەتسىلا چىقىپ كېتىدىكەن.

بۇ يىل خوتەننىڭ باشقا ناھىيەلىرىدە كەلكۈن كۆپ كەلگەچكە، يۇرۇڭقاش دەرياسى (خوتەن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). چىرا دەريالىرىدا سۇ كۆپ بولۇپ، يولنىڭ بەزى يەرلىرىنى يار ئېلىپ كېتىپ يول بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. قارا قۇرۇم تاغلىرى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۇ دەريالار تارىختىن بېرى خوتەن خەلقىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ قالماي، يەنە يەركەنت، يېڭىسار، مارالبېشى قاتارلىق نۇرغۇن ئاھالىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە تارىمغا ئېقىپ بېرىپ، يەركەنت، كۆنچى، تارىم دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە كەلپىن، قاراكۆل، لوپنۇردىكى بىپايان توغراقلىقلارنى كۆكەرتىپ كەلگەن ۋە دەريا قېنىلىرىدا نۇرغۇنلىغان «چولا» (توختام سۇ)لارنى پەيدا قىلغانىدى، ئەمما ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزگەرگەندى.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلۇغ بولۇپ، ئاشۇ مەزگىللەردىكى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىدىن كۆپ

كۆرۈنەتتى. دەريا ئېقىنى كەڭرى قايناملىق بولۇپ سۈيى تېز ئاقىدىكەن، ئۇ مەزگىللەردە ياپونىيە، ئامېرىكا، تۈنىس، كورېيە، تەيۋەن، شياڭگاڭلاردىن كەلگەن سەيلە-ساياھەتچىلەر دەريا سەيلىسى قىلىشىدىكەن، بۇ دەريانىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىدا تۇرۇپ كەتكەن ساياھەتچىلەر ھەددى-ھېسابسىز ئىدى.

خوتەن خەلقى ئەنئەنىۋى ئۇزۇقلىنىش جەھەتلىرىدىمۇ، ئەجدادلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىش ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇلار مۇھىمى تەڭشەپ ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئۇلار بولۇپمۇ ئىسسىق كۈنلەردە، بەدەن ھارارىتىنى تەڭشەشلىش ئۈچۈن قېتىق ياكى دوغاپ، لەڭپۇڭ ئىچىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا قوناق ئۇنىدىن قوناق مانتىسى (بەزى يەرلەردە سۇ مانتىسى دەپ ئاتايدۇ). قوناق ئۇگرىسى، ئۇماچ، يومدان، قوناق چۆچۈرىسى قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىپ ئىچىشىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا خوتەن خەلقى قوناق ئۇنىدىن 20 خىلدىن ئارتۇق تاماق تۈرىنى ئېتىپ يېيىشنى بىلىدىكەن.

مەندە يەنىلا «توغراق ئېشى» يېيىش ئارزۇيى كۈچلۈك بولۇپ، كۆڭلۈم ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. مەندە قان بېسىم بولغاچقا كاۋاپ يېيىشتىن سەل ئېھتىيات قىلاتتىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ خوتەننىڭ كاۋاپلىرىنى تېتىپ بېقىش خىيالىمۇ بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يولنى بويلاپ 15، 20 مىنۇتتەك مېڭىپ: «توغراق ئېشى» ئېتىدىغان بىر ئاشخانىغا كىردۇق، ئاشخانىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن كۆرپە (يېكەنداز) سېلىنغان سۇپىلاردا ئادەملەر لىق ئولتۇرۇشاتتى. ئاشخانىدا چۈشىن كۆرۈنمەيتتى ھەممە ھاۋالىق بولۇپ شامالچى پىرقىراپ تۇراتتى. بۇ تاماقخانىدا ئولتۇرغانلار ئاساسەن خوتەنگە سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىكەن. بىز بىر تەخسىدىن توغراق لەڭمىنى (خوتەندە توغراق ئېشى دەپ ئاتىشىدۇ). ئىككى زىختىن كاۋاپ بۇيرۇتتۇق. ھايال بولماي ئالدىمىزغا لەڭمەن ۋە كاۋاپلار كەلتۈرۈلدى. كاۋاپقا پەقەت زىرە بىلەن تۇزلا قوشۇلغان بولۇپ، كاۋاپتىن بىر خىل مەززىلىك پۇراق چىقىپ تۇراتتى. قاردىماقتا لەڭمەننىڭ سەيلىرى ئاددىي بولۇپ، خېمىرى توغرىقى سۈيىدە يۇغۇرۇلغان بولغاچقا، خۇددى سۇ يېغىدا مايلاپ قويغاندەك سارغۇچ رەڭدە كۆرۈنەتتى. لەڭمەن ئۆزگىچە تەملىك ئىدى. ئەسلىدە ھازىر بازارلاردا سېتىلىۋاتقان سېرىق ئاشلارنىڭ ئاتا ماكانى خوتەندە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. خوتەن سېرىق ئېشى ئادەمنى شۇنداق لەززەتلەندۈرىدىكى، ئۇ ئۆزگىچە تەمى بىلەن تەبىئىيلىكىنى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى، مەن دوقمۇش-دوقمۇشلاردا سېرىق ئاش ئىشلەيدىغان ئورۇنلارنى كۆردۈم، سېرىق ئاش ساتىدىغان، 40 ياشلاردىكى بىر ئايال ماڭا بۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلىقى بەش ئەۋلاد بولغانلىقىنى ھەمدە سېرىق ئاش خېمىرىغىمۇ توغرىقى قوشىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بىز تاماق يەپ بولۇپ قېتىق ئىچتۇق. خوتەننىڭ قېتىقى خۇددى مارالبېشى ئۇنسۇجام، تۇرپان، كەلپىن، توقسۇن، كۇچانىڭ قېتىقلىرىدەك ساپ سېرىق قايماق تۇتۇپ، بېغىر-بېغىر ئۇيۇيدىكەن. چوكىدىمۇ ئىچكىلى بولىدىغاندەك تۇراتتى. مەن ئاشخانا غوجايىنىدىن توغرىقى توغرۇلۇق گەپ سورىغانىدىم. ئۇ كىشى ئاشخانىغا كىرىپ، توغرىقىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ چىقتى. توغرىقىنىڭ سۈيى قارامتۇل قىزغۇچ رەڭدە بولۇپ، خۇددى جياڭيۇغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنى قاپاقتا ئەمەس داسقا چىلان قويغانىدى، ئىچىدە ئۇششاق توغراق ئۇگۇندىلىرى تۇراتتى. بۇ خىل ئېرىتمە شۇنچە قېنىق رەڭلىك بولسىمۇ، لېكىن تەكتىگە تىنىپ قالغان لاي-لاتقىلار يوق ئىدى، مەن بۇلاردىن ئۇلارنىڭ توغرىقى سۈيىنى سۈزۈپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدىم، مەن بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈپ، ھەقىقەتەن توغرىقى سۈيى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردۇم، ئەينى ۋاقىتتا بۇ تۇزلۇق سۇ تۇزلۇق قاپىقتا ساقلانسا كېرەك.

**تۇزلۇق قاپىقى:** ئەجدادلىرىمىز شور تۇزنى سوقۇپ، سۇ قۇيۇپ قايىنىتىپ، سوۋۇتۇپ، ئۈستىنكى سۈزۈك ئېرىتمىسىنى قورساق تەرىپىدىن ئېغىز ئېچىلغان قاپاقلارغا ئېلىپ قوياتتى. خېمىر يۇغۇرۇپ تاماق ئەتكەندە مانا بۇ تۇز سۈيىدىن تۇزلۇق نوگىيى بىلەن ئازئازدىن ئېلىپ تاماق تەمىنى تەڭشەيتتى. تۇز سۈيى ئۇزاق تۇرۇپ قالسا قاپاقنىڭ سىرتىغا ئاق گەزلەر چاپلىشىپ قالاتتى. بۇ ئاق رەڭلىك ماددا ئەسلىدە ناتريي كاربونات كىرىستالى بولۇپ، ئۇنى تۇز سۈيىگە سېلىپ ئىچۈۋېتەتتى.

مەن يەنە ئاشخانا غوجايىنىدىن قاتتىق توغرىقى بار-يوقلۇقىنى سورىغانىدىم، ئۇ كىشى دەرھال سارغۇچ قۇمسىمان شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىر كاللەك توغرىقى مېنېرالىنى ئېلىپ چىقىپ ماڭا كۆرسەتتى. بۇ ماددا ھەرگىزمۇ شەكىل جەھەتتىن بىز كەلپىنلىكلەر ئىچىپ كەلگەن شور تۇزغا ئوخشىمايتتى. مەن بۇنى

سېتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇ كىشى ماڭا بىر كاللەك توغرىقى مىنېرالىنى بەردى. ئۇ كىشى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىختىن بېرى مۇشۇنداق توغرىقنى خېمىر بولدۇرۇش، تېرە ئاشلاش، بوياقچىلىق خۇرۇچى قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاشقازاندىكى سۇيۇق يەلنى ھەيدەش رولى بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مانا بۇ دەل ئاق توغرىقنىڭ ئۆزى ئىدى.

توغراق شىنجاڭ رايونى بولۇپمۇ تارىم بوستانلىقىدىكى بىردىنبىر دەرەخ بولۇپ، سەككىز، ئون مېتىر ئېگىز ئۆسىدىغان ياغاچ يوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭ تۈز ئۆسكەنلىرىنى بىناكارلىقتا ئۆيلەرگە جەگە، پېشايۋانغا تۈۋرۈك، ھەر خىل ساندۇق ياساپ ئىشلەتكەن بولسا، يەنە ئۇنىڭدىن تەڭلە، ئۇلاق، قېيىق ۋە ھەر خىل قاچىلارنى ياساپ ئىشلەتكەن. كۆز پەسلى ئۇنىڭ تاللىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن ھەر خىل سېۋەتلەرنى توقۇسا، غازىڭىدا قوي بېقىش، كۆلدىن شاخار ئېلىپ، شاخارنى سوپۇن ئورنىدا ئىشلىتىپلا قالماي، بوياقچىلىق سانائىتى ۋە شېكەر ئىشلەش سانائىتىدە ئاقارتقۇچى ۋە رەڭسىزلەندۈرگۈچى قىلىپمۇ ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «توغراق» (1 ـ توم، 611 ـ بەت) ھەققىدە توختالغان، توغراق ئادەتتە شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

تەبىئىي توغرىقى ئادەتتە توغراق دەرىخىدىن ئېلىنىدىغان ئاق رەڭلىك كىرىستال ياكى سەل سارغۇچ رەڭلىك مۇنەكسىمان مىنېرال ماددا. سۇيۇق ھالەتتىكى توغرىقنى، كۆكلەپ تۇرغان توغراقنىڭ غولىغا ئۇشكە ياكى ئىسكىنە قويۇپ ئېقىپ چۈشكەن سۈيىنى پارلاندۇرسا يەنىلا سارغۇچ رەڭلىك كىرىستالغا ئېرىشكىلى بولسا، توغراق كۆز يېشىنىڭ توغراق پۇتاقلىرىدىكى كۆزلەردىن تەكتىگە ساقىپ چۈشۈپ، قۇم، توپىلار بىلەن بىللە ئۇيۇشۇشىدىن ھاسىل بولغان ماددا مۇنەك ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى: ناترىي ھىدرو كاربونات (توغرىقى ــ ئېچىملىك سۇدا) ۋە ئازراق مىقداردا ناترىي كاربوناتمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ سېرىق رەڭگىنى توغراقتىكى سېرىق رەڭلىك رەڭ ماددىسى پەيدا قىلغان. ئاق رەڭلىك توغرىقى كىرىستالى ئادەتتە توغراق كامارلىرىدا 11 ـ ئايدىن باشلاپ 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىسىغا قەدەر پەيدا بولىدۇ، بۇنداق توغرىقنى لوپنۇر، ئاۋات غورۇچۆل قاتارلىق يەرلىرىدىمۇ ئۇچراتتىم.



خوتەن خەلقى جۇملىدىن تارىم ۋادىسىدا ياشاۋاتقان خەلقلەر توغرىقنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان. ئۇلار توغرىقنى خېمىر بولدۇرۇش، تېرە ئاشلاش ئىشلىرىدىلا ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە مايلىق كىرلەرنى چىقىرىشتا سوپۇن ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسا، تېبابەتچىلىكتە ئاشقازان يارىسىنى داۋالاش، بوياقچىلىقتا رەڭ تەڭشەش ۋە رەڭ ئالدۇرغۇچى قىلىپ ئىشلەتكەن. گەرچە ھازىرغىچە توغرىقى قاچان بايقالغانلىقى توغرىسىدا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىرەر پارچە يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇنىڭدىن 2500 ـ 3500 يىللار بۇرۇن تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز توغرىقنى بوياقچىلىق، تېرە ئاشلاش، ئېچىتىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. توغرىقى ھەقتىكى چۈشەنچىلەرنى لوپنۇر، كۇچا، ئاۋات، خوتەن، بۈگۈر، مارالبېشى، چەرچەن ـ چاقىلىق، شايار خەلقلىرى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزىپ قالدۇرغان كىشى يوق، پەقەت ھېكايە قىلىشتىنلا بىلىدۇ خالاس.

مەن 1969 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئوتتۇن ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تاغام ياسىن ئەھمەت (1909 ـ ، 1995 ـ يىلى) بىلەن قاراكۆل توغراقلىقى (مارالبېشى بىلەن كەلپىن چېگراسىدىكى قىزىلتامدىن يەتتە، سەككىز كىلومېتىر غەربىي جەنۇبقا)غا كالا ھارۋىسى (يەل تاپان)دا ئوتتۇنغا كىرمەكچى بولدۇم، ئوتتۇنغا مېڭىش ئالدىدا ئاپام ئايسىخان 1913 ـ ، 2008) ماڭا، «بالام يىقىلىپ قالغان توغراق كامارلىرىدا توغرىقى بار، ئالغاچ چىققىن» دەپ بىر خالتا بەردى. بىز ئاخشىمى سائەت سەككىزلەردە يول يۈرۈپ، كېچىچە مېڭىپ، چۈشتىن كېيىن ئوتتۇن ئالىدىغان يەرگە (يەركەنت دەريا بويلىرىغا) يېتىپ كەلدۇق. مەن ئوتتۇننى ھارۋىغا بېسىپ بولۇپ، قار يەپ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇپ، توغرىقى ئېلىشنى ئويلاپ، تاغامدىن سورىۋېدىم، تاغام ماڭا يەردە ياتقان توغراق كامارلىرىغا قولۇڭنى سېلىپ كۆرگىن دېدى. تاغام دېگەندەك يەرگە يېتىپ قالغان توغراق كامېرىغا قارىغانىدىم، توغراق كامېرىدا خۇددى ئاپپاق قارغا ئوخشاش نەرسە تۇراتتى. مەن

تاغامغا «ئىچىدە قار تۇرامدۇ - نېمە دېگەنىدىم. تاغام ماڭا ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى قار ئەمەس توغرىقى دېدى. مەن تاغامنىڭ دېگىنى بويىچە توغراق كامارلىرىغا قولۇمنى سېلىپ، ئاق رەڭلىك پاروشوكتىن بىر ئۇچۇم، بىر ئۇچۇمەدىن سىرىپ ئېلىپ خالتىغا سالدىم، شۇنداق قىلىپ يەردە يېتىپ قالغان تۆت تۈپ توغراقتىن بىر خالتا (تەخمىنەن ئىككى كىلوگىرام) توغرىقى يىغىۋالدىم، تاغام ماڭا «قاردا قويمىغىن، قار تەگسە ئېرىپ كېتىدۇ» دېدى. چۈنكى شۇ يىلى قارا كۆل جاڭگاللىقىغا، قار قېلىن ياغقان بولۇپ، كۈن تەگمىگەن يەرلەردە قار تېخى ئېرىمىگەنىدى، بۇ مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدىم.

70 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ئۇتۇن ئېلىپ كەلدۇق، ئاپام مەن ئېلىپ كەلگەن توغرىقىنى لېگەندە بىر - بىرلەپ يەلپۈتۈپ، ئۆلگەكدەپ توغراق ئۇۋۇندىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، خالتىغا سېلىپ جىڭلاپ كۆرۈۋېدۇق تۆت جىڭ كەلدى. ئاپام كېيىنكى كۈنىلا توغرىقىنى قوناق، بۇغداي ھور نانلىرىغا سېلىپ تەمىنى تېتىپ كۆردۇق. ھور ناندىن بىر خىل خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى، قالتىس تەملىك ئىدى. ئاپام بۇ توغرىقىنى تاكى 1972 - يىلى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەنگە قەدەر ئىشلەتكەنىدى. مەن 2005 - يىلى يەنە توغرىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئاپامدىن (ئاپام شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، 85 ياشتا ئىدى) توغرىقى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم سورىغىنىمدا، ئاپام ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ توغرىقىنى ئەزەلدىن توغراقتىن ئېلىپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن قاچا يۇغىلى بولىدىغانلىقىنى، يەل - يېمەش ۋاقتىدا ئاشقازانغا دورا بولىدىغانلىقىنى، «تېرەك مايغا، سۆگەت سۇغا، توغراق شورغا ياتار» دېگەن سۆز بارلىقىنى، توغراقنىڭ يەنە «ئۆرە تۇرسام 2000 يىل، يەردە ياتارمەن 3000 يىل» دېگەن ۋەدىسى بارلىقىنى، تولغىماچ توغراق ناھايىتى پۇختا بولۇپ ئۆزى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تېرەك، قارىغاي ياغاچلىرىدىن چىڭ بولىدىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى، مانا بۇ سۆزلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فىزىلوگىيەسى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى.

مەن ئاشۇ ئىزدىنىش ئاساسىدا 2007 - يىلى 15 - ئاۋغۇستتا كورلا لوپنۇرغا بېرىپ، لوپنۇر بازىرىدىن تەخمىنەن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارچۇغا يېزىسىغا يېتىپ كەلدىم ۋە توغرىقىنى توغراقتىن قانداق ئېلىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، توغرىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردۇم.


قاتتىق توغرىقى (خوتەندىن ئېلىنغان)

مەن يەنە بىر مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان مارالبېشىغا كەلدىم، مارالبېشىدىمۇ توغرىقى ھەققىدە ئوخشاش مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. دوختۇر ئابلىمىت مامۇت ئاكا ماڭا 200 گىرام توغرىقى ئەۋەتىپ بەردى. توغرىقى ئىزدەش ئۈچۈن ئاۋات غوروچۆلگە كەلدىم. غوروچۆلدە نەچچە ئەۋلاد چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئاۋات خەلقى توغرىقىنى ئاق توغرىقى (ناترىي ھىدرو كاربونات بىلەن ناترىي كاربوناتنىڭ ئارىلاشمىسى)، قارا توغرىقى (ئاساسلىق تەركىبى، ناترىي كاربونات بىلەن ناترىي سۇلفات يەنى گلاۋبىر تۇزى) دەپ ئىككىگە ئايرىيدىكەن. ئاق توغرىقىنى توغراق كامارلىرىدىن ئالىدىغانلىقىنى، قارا توغرىقى توغراق سۈيىنىڭ توغراقتىن ئېقىپ چۈشۈپ توغراق تۈۋىدە قېتىپ ھاسىل بولىدىغان مۇنەككەسمان ماددا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى تېرە يۈزىگە چېچىپ قويسا تېرىنىڭ سېسىپ كەتمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، مانا بۇ تېرىنى شورلاش ئۇسۇلىمىز ئىدى.

دېمەك، تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا توغراقتىن توغرىقى ئېلىپ ئۇنى خېمىرتۇرۇچ ئورنىدا ئىشلەتكەن. مەن يېقىندا مەكتەپ مەشرەپلىرىنى كۆرۈۋېتىپ «ئارپا، بۇغداي خېمىرىنى توغرىقىدا بولدۇردۇم» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلىدىم. بۇ سۆز دولانلىقلارنىڭ توغرىقىدا خېمىر بولدۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ پاكىتى بولۇپ، توغرىقىنى مەشرەپ تېكىستلىرىگە قەدەر كىرگۈزگەنلىكىدىن قارىغاندا، توغرىقى تۇرمۇشتا مۇھىم ئىستېمال بۇيۇمى بولۇش سۈپىتىدە ئۆچمەس ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولۇپ سىڭىپ كىرگەن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)



# نانىڭ ئورنى ۋە يۈزلىنىشى

ئابدۇغېنى ئوسمان، ئاينۇر ئەخمەت









ئۇيغۇر يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى
بولغان ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتى، نەچچە 1000 يىللار مابەي-
نىدە ئۇيغۇر يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگ-
سى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىستېمال قىممىتى ۋە مەدەنىيەت
قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار قەدىمدە ھازىرقى نان تۈرىدىكى يېمەك-
لىكلەرنى «ئەكمەك»، «ئەتمەك»، «ئۆتمەك» دېگەن ئە-
ناملار بىلەن ئاتىغان. نان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەق-
قىياتىدا ئىستېمال بۇيۇمى سۈپىتىدە قورساق تويغۇزۇش
رولىنىلا ئۆتەپ قالماستىن، يەنە ئۇيغۇرلاردا بىر قەدەر
مۇكەممەل بولغان نان ئىستېمال ئادىتى شەكىللەنگەن
بولۇپ، نانغا ئائىت بولغان ئېتىقاد، ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى،
نانغا ئائىت ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ھەر خىل ژانىردىكى
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن.

جىددىي رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دەۋردە ئۇيغۇر-
لارنىڭ نان مەدەنىيىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ جانلىق ھاياتىي
كۈچىنى خېلى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، يېقىنقى يىللار-
دىن بۇيانقى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال تۇرمۇشىدىكى زور
ئۆزگىرىش كىشىلەرنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش، ئۇنى قەدىرلەش
ئېڭىنى مۇئەييەن دەرىجىدە سۇسلاشتۇردى. بۇنى گەرچە
پۈتۈنلەي يامان ئىش دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، مىللىتى-
مىزنىڭ نەچچە 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ مەدەنىيەت
جەۋھىرىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش، كەسكىن بازار رىقابىتى
جەريانىدا ئۇنىڭ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى يۈكسەل-
دۈرۈشكە بولغان تۆھپىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىر مۇھىم
ئىش سۈپىتىدە ئالدىمىزدا تۇرماقتا.

**1. نانىڭ ئۇيغۇر يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىد-
كى ئورنى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك- ئىچمەكلىرىنىڭ شەكلى ھەر
خىل، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەمى مەززىلىك بولۇپلا
قالماي، بەلكى ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قىممىتىگە، مەدەنىيەت
قىممىتىگە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئۇزاق ئەسىرلەردىن

بۇيان، مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ سەرخىل يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى
يـارىتىشتا، ئـوزۇقلۇق قـىممىتى جـەھەتتىن ئـىزدىنىپلا
قالماي، بەلكى ئۇنى ئېستېتىكا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىنمۇ
مول مەزمۇنلارغا ئىگە قىلىپ زور نـەتىجىلەرگە ئېرىشتى.
چۈنكى، ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە رايونىمىزنىڭ كلىـ
مات ئالاھىدىلىكى، گۈزەللىك قارىشى، فىزىيولوگىيەلىك
ئېھتىياجى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلار چىقىش قىلىنغان.
شۇڭا سەيياھلار ئۇيغۇر تائاملىرىنى يېگەندە، ئۇنىڭ ئـو-
زۇقلۇق قىممىتى ۋە تەمگە قىزىقىپلا قالماي، بـەلكى مـە-
دەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگىمۇ ئـىنتايىن قىزىقىپ كـەلدى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تائاملىرى شىنجاڭ ئـۇيغۇر ئـاپتونوم
رايونىدا بازار تېپىپلا قالماي، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت
ئەللەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر تائاملىرى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا كىشلەرنىڭ
كۆز ئالدىغا ئالدى بىلەن نان نامايان بـولىدۇ. نـان ئـۇي-
غۇرلارنىڭ ئەڭ قـەدىمىي يـېمەكلىكلىرىنىڭ بـىرى، يـىراق
قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە خەلقىمىز ئۇنى
ئىزچىل ئىستېمال قىلىپ كـەلگەن. شـۇنداقلا ئـۇ ئـۇيغۇر
يېمەك ـ ئـىچمەك مـەدەنىيىتىدىكى ئـەڭ مـۇھىم بـىر تـۈر
بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىقى بابلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئـۇلۇغ
ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لـۇغەتىت تـۈرك»تە
نان تۈرىدىكى يېمەكلىك تۈرلىرىنىڭ يـېرىمىنى دېگـۈدەك
ئىگىلەيدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئـۆتتۇق. ئـۇنىڭدىن بـاشقا،
«قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ، «ئـەسكەرلەر ئـۈچۈن تـەمىنلىنىد-
غان قورال ـ ياراغ، ئات، ھەربىي كىيىم، نان، تۇز ۋە يې-
مەكلىكلەر مـول بـولۇشى لازىم»لـىقى تـىلغا ئـېلىنغان. بـۇ
يەردە ناننىڭ باشقا يېمەكلىكلەرنى تـىلغا ئـېلىشتىن بـۇرۇن
ئايرىم تىلغا ئېلىنىشى، ناننىڭ شۇ دەۋردىكـى قـاراخانىلار
دۆلىتىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى قۇرۇلمىسىدا ناھا-
يىتى مۇھىم ئورۇن تـۇتىدىغانلىقىنى ۋاسـتىلىك ئـىپادىلەپ
بېرىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئۆيىگە مېھمان كـەلسە،
ئالدى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا نـان قـويۇپ كـەلگەن.
بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى بىر خىل مۇھىم ئوزۇقلۇق قاتارد-
ىا ئۇلۇغلىغاندىن باشقا ئۇنى بىر خىل سەنئەت بۇيۇمى قا-
تارىدا تونۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار
نـان يـاققاندا ئـۆزلىرىنىڭ ئـوزۇقلۇق ئـېھتىياجىغا قـارىتا
ناننىڭ خۇرۇچلىرىنى تەڭشەش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ شەكلى-
نىڭ چىرايلىق بـولۇشىغىمۇ ئـىنتايىن كـۆڭۈل بـۆلىدۇ.
ئۇيغۇر نانلىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇي-
غۇرلارنىڭ قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە گۈزەللىك قاراشلى-
رى ۋە ئېستېتىكلىق ئېھتىياجلىرى چوڭقۇر ئـىپادىلەنگەن.
يـېقىنقى مـەزگىللەردىن قـارىغاندىمۇ، نـان يـەنىلا ئـۇيغۇر
يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ
كەلگەن. مەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمەك
ئادىتىدە بولسۇن ياكى نانغا بولغان تونۇشتا بولسۇن، نان
يەنىلا ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى قـۇرۇلمىسىد-
كى ئورنىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش، تۇرمۇش ئىشلىرىدا يەنىلا ئـۆزىنىڭ مۇھىم رولـىنى
جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. نان بىر خـىل ئـوزۇقلۇق قـىممىتى
يۇقىرى قولايلىق يېمەكلىك بولغاچقا، ئۇيغۇر يـېمەكلىكلى-
رىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ
سىڭىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نان ئـۇيغۇر تـائامل-
ىرى ئىچىدىكى ئېسىل يېمەكلىك بولۇش ئەۋزەللىكى بىلەن
ئـۇيغۇرلارنىڭ ئـىقتىسادىي پـائالىيەتلىرىدىمۇ مـۇھىم رول
ئويناپ كەلگەن. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر، بـا-
زارلىرى، يېزا ـ قىشلاقلىرىدا كـۆپلىگەن نـاۋايخانىلار بو-
لۇپلا قالماي، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ ـ كىچىك شە-
ھەرلەر، ھەتتا چەت ئەللەردە رۇسىيە، گېرمانىيە، كـانادا،
ئاۋسترالىيە، تۈركىيە ۋە ئەرەب بىرلەشمە خـەلىپىلىكى قـا-
تارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۇيغۇر ناۋايخانىلىرى ئېچىل-
غان. بۇ ناۋايخانىلار رايـونىمىزدىكى ئـۇيغۇرلار ۋە بـاشقا
مـىللەتلەرنىڭ يـېمەك ـ ئـىچمەك ئـېھتىياجىنى قـاندۇرۇپلا
قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تـو-
نۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئـىقتىسادىي ئـىگىلىكىنى يۈك-
سەلدۈرۈشتىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ
كېلىۋاتىدۇ.

دېمەك، نان ئۇيغۇر يېمەك ـ ئـىچمەك مـەدەنىيىتىدە
ئـالاھىدە مۇھىم ئـورۇن تـۇتىدىغان يـېمەكلىك بـولۇپ،
كـونكرېت ئـېيتقاندا، تـۆۋەندىكى بـىر قـانچە نۇقتىدىن
ناننىڭ ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مـەدەنىيىتىدىكى ئـورنىنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، ناننىڭ كۈندىلىك تـۇرمۇشتا ئـوينايدى-
غان رولى. ناننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولى،
باشقا ھەرقانداق بىر يـېمەكلىك تـۈرلىرىنىڭ ئـوينايدىغان
رولىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. ئـۇيغۇر تـائاملىرىدا نـان
ساقلاش دائـىملىق ئـىش بـولۇپ، ھـەرقـانداق ئـائىلىدە
مەيلى قايسى ۋاقىت بولمىسۇن داۋاملىق نـان ساقلىنىدۇ.
بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن
ۋاقىت ۋە جىسمانىي كـۈچىنى تېجەشتە زور قـولايلىقلارنى

ئېلىپ كەلگەن. نان ھەر ۋاقىت ئىستېمال قىلىنىشقا بولىدىغان تەييار يېمەكلىك بولغاچقا، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا يېمەكلىكنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىككىنچىدىن، ناننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى رولى، ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئائىلىدە ناننىڭ ئۆكسۈپ قالمىغانلىقى، تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقىدىن، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى نانغا سىڭدۈرۈپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بايلىق، مەرتىۋە، بەخت ـ سائادەتنىڭ دەرىجىسىنى ناننى ئۆلچەم قىلىپ باھالاپ كەلگەن. ناننىڭ كۆرۈنۈشىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ناننى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ نامايەندىسى ھەم بىر خىل ھۇزۇرلىنىش ۋاستىسى قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، ناننىڭ تاۋارلىق قىممىتى. نان مەيلى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە بولسۇن ياكى يېقىنقى زامانلار ۋە ياكى ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار نان پىشۇرۇش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، ناننىڭ تاۋارلىق قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ كەلگەن. ناننىڭ بازارلاشتۇرۇلۇشى، پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق نان پىشۇرۇش تېخنىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن. شۇنداق بولغاچقا، ناۋايچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگىلا خاس كەسىپ بولۇپ قالغان.

تۆتىنچىدىن، ناننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك مۇراسىم پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى ئورنى. نان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر خىل مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان يېمەكلىك. ناننىڭ بۇ پائالىيەتلەردىكى رولى، ئىستېمال قىلىنىدىغان مۇھىم يېمەكلىك بولۇشلا بولماستىن، نان بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنىڭ، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، ناننىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىدىكى ئورنى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە نان كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئامىل. مەيلى ھېيت ـ ئايەم پەيتلىرى، كېسەل يوقلاش، سەپەرگە چىققانلارغا ئاق يول تىلەش قاتارلىقلاردا نان ئاۋۋال ئويلىشىدىغان سوۋغاتلىق بۇيۇملارنىڭ بىرى.

دېمەك، ناننىڭ ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئورنى باشقا يېمەكلىك تۈرلىرىگە قارىغاندا ئالاھىدە مۇھىم بولۇپ، نان ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇشتىن ئىبارەت ئەۋزەللىكى ئارقىلىق، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

**2. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ناننىڭ ئورنى ۋە كەلگۈسى يۈزلىنىشى**

(1) نان مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ناننىڭ ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئورنى:

نان ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمالىدا يېقىنقى يىللارغىچە ئاساسىي يېمەكلىكى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىكى ئىستېمال جەھەتتىكى ئۆزگىرىش، ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە، ئىستېمال قارىشىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ نان مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن بەزى پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، يەنە خىرىسمۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىدا، ناننىڭ ئاساسلىق يېمەكلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئورنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتى. ناننى ئۇلۇغلاش، ئۇنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت بۇ خىل ناننىڭ يۈكسەك ئورنى بىرئاز تۆۋەنلىدى. بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى ھەمدە قىممەت قارىشىدا بۇرۇلۇش بولغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بولۇپلا قالماي، يەنە نان مەدەنىيىتىنى دەۋرگە، شارائىتقا ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشىمۇ رول ئوينىغان. يەنى ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بارغانسېرى كۆلەملىشىپ كارخانىلىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئەسلىدىنلا كىچىك كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەنئەنىۋى ناۋايخانىلارنىڭ تىجارىتىگە مۇئەييەن بېسىم ئېلىپ كەلدى. كىشىلەر ھازىر يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىپ قورساق تويغۇزۇشنىلا ئويلىماستىن، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى يېمەكلىك قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش شەكلى بىلەن ماسلىشىشىنى، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىشنى، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنىڭ پاكىز، كۆرۈنۈشىنىڭ كۆركەم بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ھازىرقى شارائىتتا، ئۇيغۇر ناۋايخانىلىرىنى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل تەلەپلىرىگە تولۇق ماسلىشىپ كېتەلىدى دېيەلمەيمىز.

يېمەكلىكلەر تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى. ئىلگىرى نانىڭ
ئاساسلىق يېمەكلىك بولۇشىدا يېمەكلىك تۈرلىرىنىڭ ئانچە
كۆپ بولماسلىقىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، يېمەك-
لىك تۈرلىرى كۆپ بولمىغان شارائىتتا نان كىشىلەرنىڭ
ئالدىن تاللايدىغان يېمەكلىك تۈرى بولغان. يېقىنقى مەز-
گىللەردىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ يېمەكلىك ئىستېمالىدا
نانىڭ ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئورۇنباسار يېمەك-
لىك تۈرلىرى كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تاللاش
پۇرسىتى كۆپ خىللاشتى، نان كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق
تاللاش ئوبيېكتى بولماي قالدى.

شەھەرلىشىشنىڭ كېڭىيىشى. شەھەرلىشىشنىڭ كېڭىيى-
شى بىلەن كىشىلەرنىڭ تەييار يېمەكلىكلەرنى تاللاش پۇر-
ستىمۇ كۆپەيدى. شەھەر تۇرمۇش شارائىتىدا كىشىلەرنىڭ
ئۆزلىرى نان پىشۇرۇپ يېيىش شارائىتى بولمىغاچقا، نانغا
بولغان قاراشتا بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، نان شەھەر
كىشىلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ نەزەرىدە ئۆزلىرى پى-
شۇرۇپ يېگەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكىدەك ئۇنچە كۆپ
ئەجرىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، پۇلغا سېتىۋېلىپ ئىستېمال
قىلىنىدىغان ئادەتتىكى تاۋار قاتارىدا سانىلىدىغان بولدى.

ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە قاتناش ۋاسىتىلى-
رىدىكى تەرەققىيات. نانىڭ ئاساسلىق يېمەكلىك بولۇش
ئورنىدىن ئايرىلىشىدا، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى-
دىكى يۈكسىلىشلەر ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىي
قىلىپ، كىشىلەرنىڭ سەپەر قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتقانلىقىمۇ
مۇھىم رول ئوينىدى. ئىلگىرى ئىقتىساد ئانچە تەرەققىي
قىلمىغان دەۋرلەردە، كىشىلەرنىڭ نان تۈرىدىكى يېمەك-
لىكلەردىن باشقا يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئىمكانىيە-
تى بىر قەدەر ئاز ئىدى. يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىسادىي
تۇرمۇشتىكى يۈكسىلىشلەر كىشىلەرنىڭ كۆپ خىل يېمەك-
لىكلەرنى تاللاپ ئىستېمال قىلىش شارائىتى بىلەن تەمىنلە-
دى. ئۇنىڭدىن باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلى-
شى بىلەن كىشىلەرنىڭ سىرتقا سەپەر قىلغاندىكى سەپەر
ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقارغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقى-
دەك سەپەر جەريانىدا ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ
نان ئېلىۋېلىشىنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى قالمىدى. بۇ ئامىل-
لارمۇ نانىڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىن تاللاش ئوبيېكتى
بولۇش ئورنىدىن مەھرۇم بولۇشىغا روشەن تەسىر كۆر-
سەتتى.

يېقىنقى يىللاردا نان مەدەنىيىتىمىزدە سەلبىي تەرەپتى-
كى ئۆزگىرىشلەر بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر نان مەدەنى-
يىتىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرمۇ مەيدانغا
كەلدى. بىر قىسىم ئالدىن كۆرەر ناۋايلار نان پىشۇرۇشتا
كىشىلەرنىڭ يېڭىچە تەلەپلىرىگە ماسلىشىپ، نانىڭ خۇرۇ-
چى، پىشۇرۇش ئۇسۇلى، كۆرۈنۈشى ۋە ئوراپ قاچىلىنى-
شى قاتارلىقلاردا يېڭىلىق يارىتىپ، شەكلى كۆركەم، تەمى
ئۆزگىچە، ئوراپ قاچىلىنىشى سىپتا بولغان نانلارنى بارلىق-
قا كەلتۈردى. ناۋايخانىلارنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، تازىلى-
قى، بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرى-
دىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن نانىنى ئاساسلىقى رايونىمىزدا
ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قانچە مىللەتلا ئىستېمال قىلىدىغان
ھالەت ئۆزگىرىپ، شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەر نان
ئىستېمال قىلىدىغان، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكە، چەت ئەللەر-
دىمۇ ناۋايخانىلار ئېچىلىدىغان يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى.

(2) ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇش

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ياۋروپا - ئا-
سىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە ياشاپ، ئۆزلىرى يا-
شاۋاتقان مۇھىتنى تەدرىجىي تونۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ،
ئۆز يېرىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا بوستان-
لىق ۋە يايلاقلاردىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق بىلەن چار-
ۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك شەكلىنى بارلىققا كەل-
تۈرگەن. مۇشۇ ئاساستا يەنە ئۆزىگە خاس شانلىق يېمەك
- ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان، نان مەدەنىيىتى ئۇنىڭ
ئىچىدىكى ئەڭ يارقىن نەمۇنە. نان مەدەنىيىتى مۇرەك-
كەپ بولغان بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ-
كى ئوتنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى، دانلىق زىرائەتلەرنىڭ بايقى-
لىشى ۋە ئۇنى پىششىقلاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلى-
شى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە تونۇرنىڭ بارلىققا كېلىشى،
تۈگمەنچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ
يۈكسىلىشى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك بولۇپ، تارىخ ئېقىنىدىكى تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ
مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىمىز مەدە-
نىيىتى، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان چوڭ تۆھپى-
سى ھېسابلىنىدۇ.

ناۋايخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈپ، نان پىشۇرۇش، ساقلاش ۋە سېتىشنىڭ ھەر-
قايسى ھالقىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كارخانىلىشىش يولىغا
مېڭىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. باشقۇرۇش ۋە پىشۇ-
رۇش ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرغاندا، بىر قىسىم سۈپىتى
ياخشى، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا ئېرىشكەن

ناۋايخانىلارنىڭ كېڭىيىشىنى تېزلىتىپ، زەنجىرسىمان ناۋايخانىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاخىردا ئۇلارنىڭ كارخانا بولۇپ تەشكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ناۋايخانىلارنىڭ ئورنى، لايىھەلەپ بېزىلىشى، تازىلىقى، ئۇستاملارنىڭ كېيىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ياخشىلىنىشىنى تېزلىتىش زۆرۈر. دۇكانلارنىڭ بېزىلىشى، تازىلىقى قاتارلىقلارنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئاۋات بازار ئورۇنلىرىدا پۇت دەسسەپ تۇرغىلى، تەرەققىي قىلىپ، ناننىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

نان خۇرۇچلىرى ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇللىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ، شەكلى ۋە تەمى تېخىمۇ يېڭى بولغان نان تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ئېھتىياجى بىلەن ناننىڭ ئەسلىدىكى ئەۋزەللىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ناننىڭ تەمى، شەكلى، ئوراپ قاچىلىنىشى ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئەلالاشتۇرۇش ئاساسىدا، ھەر خىل نان تۈرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاس ئېسىل تاماق تۈرلىرىنىڭ بىرلىشىشى ۋە ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ناننىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ناننىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ نەچچە 1000 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى يوللىرىنى تېپىپ چىقىشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. تەبىئەتنى ۋە ئۆزلىرىنى تونۇش ئاساسىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياراتقان بايلىقلىرى ۋە نەتىجىلىرىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىيتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ماس كەلگەنلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - تېخنىكا جەھەتلەردىن ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار تارىختا ياراتقان كۆپلىگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا زور رول ئويناپلا قالماي، ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈنمۇ زور ھەسسىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتى ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ناھايىتى زور روللارنى ئويناپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، يېمەكلىك قۇرۇلمىسى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ناننىڭ ئىلگىرىكى ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىك بولۇش ئورنىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەر نان مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن بەزى سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، نان مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك تۈرتكىلىك روللارنىمۇ ئوينىدى. نان پىشۇرۇشتىكى تېخنىكا، ئەسلىھە، خۇرۇچلار، نان تۈرلىرى، ناۋايخانىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە نان سېتىش يوللىرىنىڭ كېڭىيىشى قاتارلىق تەرەپلەردە خېلى كۆپ ئىلگىرىلەشلەرمۇ قولغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن نان مەدەنىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاساس سېلىندى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. توختى باقى: «ئۇيغۇر تائاملىرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2004 - يىل، 10 - ئاي نەشرى.
2. يۇنۇس ھەمدۇللا: «نان، سامسا، كۆمەچلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل، 9 - ئاي 1 - نەشرى، 2010 - يىل 12 - ئاي 2 - بېسىلىشى.
3. غەيرەتجان ئوسمان: «شىنجاڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، 1998 - يىللىق 2 - سان.
4. شېرىن قۇربان: «نان ۋە تاجىك مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1998 - يىللىق 1 - سان.
5. خې جىڭيۇن: «ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئۆزگىرىشى»، «يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيەسى»، 2006 - يىل، 8 - ئايلىق سانى.
6. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل، 4 - ئاي، 1 - نەشرى
7. ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل، 1 - نەشرى.
8. باۋۇدۇن قادىر: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىللىق 3 - سان.


(ئاپتورلار: شىنجاڭ ساقچى ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدىن)



# يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدىكى ئەپسانە-مەسەللەر

## چامغۇر

بۇرۇن بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ چەرچەن دەرياسى بويىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. كۈزلۈكى بۇغدايىنى ئورۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېگىزلىقتا بىر خىل ئوت ئۈنۈپ چىقىپتۇ. دېھقان بۇ ئوتنى كەتمەن بىلەن ئاغدۇرۇپ قارىسا، بۇ ئوتنىڭ يىلتىزى تۇخۇمدەك يۇمىلاق ئىكەن. دېھقان بۇ نېمە بولغىيدى دەپ تۇرغاندا، دېھقاننىڭ ئوغلى بىر چىشلەم يەپتىكەن، تەمى چۈچۈمەل تېتىپتۇ. ئوغلى دادىسىغا: «بۇ غورىدەك چۈچۈمەل ئىكەن» دەپتۇ. دېھقان توپا-چالما ئارىسىدىن چىققان بۇ نەرسىنى نېمىدەپ ئاتاشنى بىلمەي تۇرغانىكەن، خوتۇنى: «چالما غورىسى ئىكەن» دەپتۇ. ئۇنى يىغىۋېلىپ، گۆش بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ يەپ كۆرسە، بەك مەززىلىك تېتىپتۇ.

بۇ كۆكتات ئاغدۇرۇلغان يەردىكى توپا-چالما ئارىسىدىن چىققان بولغاچقا، كىشىلەر دەسلەپ ئۇنى «چالما غورا» دەپ ئاتاپتۇ. «چالما غورا» دېگەن بۇ سۆز كېيىن بارا-بارا ئۆزگىرىپ «چامغۇر» بولۇپ قالغانىكەن.

قەدىمكى زاماندا ھەمەدان دېگەن شەھەردە مۇستاپا دېگەن بىر تېۋىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ 400 دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بىلىملىك تېۋىپ دەپ قاراپ، شاگىرتلىرىم جاي-جايلارغا بارسا، ھەرقانداق تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەرلىك تېۋىپلار كارغا يارىمايدۇ دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىكەن. دەسلەپ ئۇ ئۆپكە كېسەللىكى بويىچە ماھىر تېۋىپ بولۇپ يېتىشكەن سايىت دېگەن شاگىرتنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەر دېڭىز-ئوكياندىن بەكمۇ يىراق ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوڭ دەريا ياكى كۆللەرمۇ يوق ئىكەن. ئۇ يەردە دائىم توپا-چاڭ ئۆرلەپ تۇرسا كېرەك، شۇڭا ئۆپكە كېسەللىرىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن، سەن شۇ يەرگە بېرىپ ئۆپكە كېسەللىرىنى داۋالاپ جېنىڭنى جان ئەت» دەپتۇ.

سايىت دورا-سايمانلىرىنى ئېلىپ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ قەشقەرگە كېلىپ، دۇكان ئېچىپ، كېسەل كۆرۈشكە تەييارلىنىپتۇ.



شۇ تەرىقىدە 40 كۈن ئولتۇرسا بىرەر كېسەل كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇقۇشۇپ كۆرسە، بۇ خىلدىكى كېسەللەرنى ئۇچراتماپتۇ. ئامالسىز دۇكىنىنى يىغىشتۇرۇپ، كىشلەرگىمۇ چاندۇرماي، ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىپتۇ ھەم ئۇستازىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. مۇستاپا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىنتايىن ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن: «سەن ئۇلارنىڭ قانداق نەرسىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى سوراپ كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، سايىت: «بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن» دەپتۇ. مۇستاپا بۇنىڭ ئۈچۈن بەك كايىپ، قايتا قەشقەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. سايىت قايتىدىن جابدۇنۇپ قەشقەرگە كەپتۇ. ئۇ تەكشۈرۈپ، كىشلەرنىڭ چامغۇرنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئۆپكە كېسلى بار ئادەملەرنىڭ چامغۇر ئۇرۇقىنى ياغ تارتتۇرۇپ، ئۇنىڭدا قۇيماق ئېتىپ يەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر قانچە تال چامغۇرنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ، ئۇستازىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ، مۇستاپا ئۆپكە كېسلىگە داۋا بولىدىغان ھەممە ئۆسۈملۈك ۋە جانىۋارلارنى ئېنىقلاپ بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن چامغۇر دېگەن كۆكتاتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. ئۇ چامغۇرنىڭ تەركىبىنى ۋە قۇۋۋىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆپكە كېسلىگە شىپا بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا مەندىنمۇ قابىلىيەتلىك تېۋىپلار ئۆتكەنىكەن، مەن تېخى ئەمەلىكتە كامالەتكە يەتمىگەنىكەنمەن دەپ شاگىرتلىرىغا ئالدى بىلەن جاي - جايلاردىكى تېۋىپلاردىن ئۆگىنىپ، ھۈنىرىنى پىششىقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن كېسەل كۆرۈپ داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەخسۇس خەت يېزىپ يوللاپتۇ ھەم ئۆزىمۇ ئەمەلىيلىك ساھەسىدىكى ئىزدىنىشىنى قايتىدىن باشلاپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆپكە كېسلىگە چامغۇرنىڭ داۋا بولىدىغانلىقىنى خەلقىمىز ئۆزى تاپقانىكەن.

## ئۈزۈم

قەدىمدە ئۆتكەن تەڭرىقۇت شاھنشات ئاستانىدە ئۈزۈم يەپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە سوراپتۇ:

ئېيتىڭلارچۇ، بۇ ئۈزۈملەر دەسلەپ نەدە پەيدا بولغاندۇ؟

بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شاھنشات دەرغەزەپ بىلەن پەرمان قىپتۇ:

— ئەجەبا، شۇنچە دانىشمەنلىرىم بۇنى بىلمىسە، بۇ سوئالىمغا جەزمەن جاۋاب تاپقايسىلەر!

توققۇز ۋەزىر ناھايىتى خىجالەت بوپتۇ. تەڭرىقۇت دەرھال پۈتۈن يۇرتقا ئەمىر قىپتۇ، لېكىن پۈتۈن يۇرتتا ھېچكىم بىلمەپتۇ. بېشبالىققا كىشى ئەۋەتىلىپتۇ، جاۋاب بولماپتۇ. دەشتىئاتاغا كىشى ئەۋەتىلىپتۇ، جاۋاب بولماپتۇ.



كۆسەنگە كىشى ئەۋەتىلىپتۇ، جاۋاب بولماپتۇ. قەشقەردىن «ئۆزۈم دەسلەپ ئۇدۇندا پەيدا بولغانمىش» دېگەن جاۋاب كەپتۇ، ئۇدۇنغا ئەلچىلەر ماڭدۇرۇلۇپتۇ.

ئۇدۇن خانى ئاستانىگە بىر دانىشمەننى ئەۋەتىپتۇ. دانىشمەن شاھشات خانغا مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

قەدىم ـ قەدىمدە ئىدىقۇت خانى رەستىلەر ئارىلاپ ئۇدۇندىن كەلگەن سودىگەرلەرنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار توققۇز تۆگىگە نوم، توققۇز قېچىرغا بۆكەن مۈڭگۈزى بىلەن قاشتېشى، توققۇز ئېشەككە مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك مېۋە ئارتىۋېلىشقانىكەن. خان سودىگەرلەردىن سوراپتۇ:

ـــ بۇ نېمە نەرسىلەر؟ قايان ماڭدىڭلار؟

سودىگەرلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ تۆگىگە ئارتىلغىنى خانبالىققا سوۋغىتىمىز، قېچىرغا ئارتىلغىنى خانبالىقتىكى سودىمىز، ئېشەككە ئارتىلغىنى يول ئۈستىدىكى ئوزۇقىمىز.

ـــ ئالدىنقى ئىككىسىنى بىلەرمەن، ئەمما ئوزۇقۇڭلار نېمىدۇ؟

سودىگەرلەر توققۇز مىس لېگەنگە ئۈنى سېلىپ خانغا ھەدىيە قىلىپ دەپتۇكى:

ـــ بۇ ئۇدۇننىڭ تاتلىق مېۋىسى ئۈزۈمدۇر.

دانە ـ دانە مەرۋايىتتەك يۇمىلاق، قاشتېشىدەك سۈپسۈزۈك بۇ مېۋە خانغا ياراپ قاپتۇ. ئۇ خانلىق ئوردىغا پەرمان قىپتۇ:

ـــ توققۇز نەپەر يىگىت ئاتلىرنى ئېگەرلەپ تەييارلىنىپتۇ، پۈتۈن ئەل ـ يۇرت نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن ئۇزىتىشقا چىقىپتۇ، يىگىتلەرنىڭ خوتۇنلىرى ھەم ھەر بىرىگە گۈل چېكىلگەن تاۋار ياغلىق يوللۇق قىپتۇ، ھەر يىگىتكە بەشتىن ئات قوشۇپ بېرىلىپتۇ.

يىگىتلەر كۈنچىقىشنى سول قولغا، كۈنپېتىشنى ئوڭ قولغا نىشان قىلىپ سەپەر قىپتۇ. كارۋان يولى دەشت ـ چۆلگە كەلگەندە ئىز يوقىلىپتۇ. ئۇلار مۇشەققەت ئىچىدە 100 كۈن يول يۈرۈپ ئۇدۇن دىيارىغا ئۇلىشىپتۇ. ئۇدۇن خانى ئىدىقۇت خانىنىڭ سالام ـ سوۋغىتىنى قوبۇل قىپتۇ، يىگىتلەرگە كاتتا زىياپەت، سوۋغاتلار بېرىپتۇ ھەمدە ئىدىقۇت خانىنىڭ ئىلتىماسىغا مۇۋاپىق ئۈزۈم كۆچەتلىرىدىن بېرىپتۇ.

يىگىتبېشى مۇراجىئەت قىپتۇ:

ـــ يارەنلەر، خانىنىڭ يارلىقىنى بەجا قىلىش ئۈچۈن كۆكلەمگە ئۇلىشىپ يۇرتقا قايتىمىقىمىز لازىمدۇر. ھازىر ئىختىيارىمىزدا 60 كۈن قالدى. يولنى بىر قاتلاپ تېز يۈرەيلى. جانجىگەرلىرىمىز بىزنى كۈتمەكتە.

ئۇلار كەمەرلىرىنى تارتىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. توققۇز كۈن يول يۈرگەندە بورانغا دۇچ كەپتۇ. تۆگىلەرگە ئارتىلغان كۆچەتلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇلار كەينىگە قايتىپ يەنە ئۇدۇن دىيارىغا كەپتۇ، ئۇدۇن خانى يەنە ئۈزۈم كۆچەتلىرىدىن بېرىپتۇ.

ئۇلار كۆچەتلەرنى كىگىزلەرگە يۆگەپ، تۆگىلەرگە ئارتىپ مېڭىپتۇ. توققۇز كۈن يۈرۈپ يەنە بورانغا ئۇچراپتۇ. قۇرغاق شامالدا كۆچەتلەر تامام قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇلار يەنە كەينىگە يېنىپتۇ.

يىگىتلەرنىڭ بېشى قېتىپتۇ، ئۇدۇن ئەھلى باش قاتۇرۇپتۇ. ئاپپاق ساقاللىق دانىشمەن بوۋاي ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

ئۇدۇن خانى ئوردىدىكى گۈل ئۆستۈرۈلگەن توققۇز دانە ئىدىشنى بوشىتىپ توققۇز يىگىت توققۇز ئىدىشقا توققۇز تۈپ ئۈزۈم كۆچىتىنى توپىسى بىلەن كۆچۈرۈپتۇ. ئۇلار يول بويى سۇغىرىپ مېڭىش ئۈچۈن توققۇز تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ توققۇز تۆگىگە ئارتىپ، ئۆزلىرى توققۇز ئارغىماققا مىنىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، ئۇدۇن خانى ئاق يول تىلەپ دۇئا قىپتۇ.

يىگىتلەر توققۇز كۈن يول يۈرۈپ تەكلىماكاننىڭ قۇم ـ بورانلىرىغا يەنە يولۇقۇپتۇ. ئىدىشتىكى كۆچەتلەرنى سۇغىرىپ مېڭىپ دەشت ـ چۆلدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئوزۇق تۈگەپتۇ. يىگىتلەر ئاتلىرىنى سويۇپ ئوزۇقلىنىپتۇ. سۇ تۈگەپتۇ، كۆچەتلەر سولىشىشقا باشلاپتۇ. يىگىتبېشى بۇيرۇپتۇ:

ـــ ئەي يارەنلەر، تۆگىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سويۇڭ ـ لار، ئۇنىڭ قارنىدىكى سۇ بىلەن كۆچەتلەرنى سۇغارغاي ـ سىلەر، گۆشىنى بولسا ئوزۇق قىلارمىز.

يىگىتلەر شۇ بويىچە ئىجرا قىپتۇ. توققۇز كۈنلۈك يول قالغاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. ئۇلار چۆلدە تۈنەپتۇ. قىيان ئېسىپ كەپتۇ. يىگىتبېشى نار تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى يۇلغۇننىڭ يىلتىزىغا مەھكەم باغلاپ، ئۆزى ئىدىشنى چىڭ

016

قۇچاقلاپ تاڭغىچە ئۇنى ئامان ساقلاپ قاپتۇ. قالغان يە-
گىتلەر ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپتۇ. قىيان كۆچەتلەرنى يىراق-
لارغا ئېقىتىپ كېتىپتۇ. قىيان توختاپ ھەممە يەر تونۇر-
دەك قىزىپ كېتىپتۇ. يىگىتلەر بىر-بىرىنى ئىزدەپ تېپى-
شىپتۇ. ساق قالغان بىر ئىدىش كۆچەتنى كۆرۈپ شادلىقتا
كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. خاننىڭ پەرمانى، ئەل-يۇرتنىڭ
ئارمانى، سۆيگەنلەرنىڭ سېغىنىشى ئۇلارغا مەدەت بوپتۇ.
ئۇلار نار تۆگىنى يېتىلەپ يەنە مېڭىشىپتۇ، ئۇچ كۈنلۈك
يول قالغاندا ئاخىرقى تۆگىنى سويۇپ كۆچەتنى سۇغىرىپ-
تۇ، گۆشىنى يەپتۇ. يەنە مېڭىشىپتۇ، يۇرتنىڭ پۇرىقى يىراق-
تىن دىماققا ئۇرۇلغاندا، ھەممە ھالسىزلىنىپ بىر-بىرلەپ
يىقىلىپتۇ.

ئىدىقۇت خانى كۈتۈپ-كۈتۈپ تاقىتى تاق بوپتۇ،
ئەل-يۇرت قىرانلىرىنى سېغىنىپتۇ. خوتۇن-قىزلار سۇغا
چىققانلىرىدا قۇمغاننى قويۇپ ئۇدۇن ياققا تەلپۈنۈپتۇ.
خان پەرمان قىپتۇ:

— يىگىتلەرنىڭ كېلەر قەرەلى نېكەم يەتتى، يۇرت
ئالدىغا چىققاي!

ئەل-يۇرت يېتىپ كېلىپ كۆرۈپتۇكى، يىگىتلەر ئە-
دىشنى چۆرىدەپ ھوشسىز ياتقان. يىگىتلەرنىڭ ئاغزى
نەملىنىپتۇ، ئۇلار ئېسىگە كەپتۇ. خوتۇن-قىزلار يىگىتلەر-
نىڭ باغرىغا ئۈزۈمنى ئېتىپتۇ. ئۇلار ئىدىشتىكى ئۈزۈم كۆ-
چىتىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئوردىغا كەپتۇ.

يىگىتلەر تارتۇق بىلەن تارتىلىپتۇ، ئۇلارغا خانلىق
يەرلەردىن، كارىزلاردىن بۆلۈپ بېرىلىپتۇ. ئۈزۈم كۆچىتى
كۆكلەپ چىقىپتۇ، يىگىتلەر ئۇنى قەلەمچە قىلىپ كۆچۈ-
رۈپ تىكىپتۇ.

يىل ئۆرۈلۈپ ئىدىقۇت دىيارىنىڭ ئۈزۈمى پىشىپتۇ.
خان ئۇنىڭغا ئېغىز تېگىپتۇ، بۇ ئۈزۈم بەكلا تاتلىق
ئىكەن. خان پەرمان چىقىرىپتۇ:

— ئەي يۇرتداشلىرىم، بۇ شېرىن مېۋىنى بۈيۈك
توققۇز ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پۈتۈن دىيارىغا كۆچۈرگەيسىلەر!

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ پەرمانى بەجا بولۇپ، بۇ دى-
ياردا ئۈزۈم باغلىرى پەيدا بوپتۇ.

### قوغۇن-تاۋۇز

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، تەكلىماكاننىڭ چېتىدە
سېلىم ئىسىملىك بىر كىشى بولغانىكەن. ئۇ چېۋەر، ئەمە-
گەكچان ئادەم بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدى-
كەن. ئۇ دائىم سەھەر، چىڭقىچۈش، كەچ ۋاقىتلىرى قالپى-
قىنى سايىۋەن قىلىپ، كەتمىنىنى ھەمراھ قىلىپ، ئېدىر-
سازلىقلارنى رەتلەپ ئاغدۇرۇپ، زىرائەت تېرىپ سۇغى-
رىپ، ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، خۇشال تۇرمۇش كە-
چۈرىدىكەن.

بىر يىلى سېلىم بوۋاي دېھقانچىلىقتىن قىلغان ئەجرى-
گە لايىق مول ھوسۇل ئاپتۇ. ئۇ ئوخشىغان قوغۇن-تا-
ۋۇزلىرىنى يىراق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىش قارارىغا
كەپتۇ. ئۇ قوغۇن-تاۋۇزلاردىن بىر قانچە تاغارغا قاچى-
لاپتۇ-دە، خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ ھارۋىسىغا بېسىپ،
يىراق شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ يەتتە كۈن يول
يۈرگەندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىق كۆز ئالدىدا
نامايان بوپتۇ. ئۇ ئادەمزات بار يەرگە يېقىنلاشقانلىقىدىن
خۇشال بوپتۇ. كەچ كىرىپ كەتكەنلىكتىن ئېغىر يۈك
تارتىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ ھېرىپ كەتكەن ئاتلىرىنى يې-
زىنىڭ بىر چېتىگە تارتىپ ئارام ئېلىپ، ئەتىسى سەھەر
يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئېتىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ،
ھارۋا ئاستىدا ئولتۇرۇپ نان بىلەن قوغۇننى مەززە قىلىپ
يەپ قورسىقىنى تويدۇرۇپتۇ-دە، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

پېشانىسىگە ئاپتاپ تەگكەندىن كېيىن ئويغىنىپ قارى-
سا، كۈن چاشگاھ بولغانىكەن. ئەتراپتا قىر بېغىرلاپ ساي-
رىشىۋاتقان تورغايلاردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ دا-
لىنى ئارىلاپ كۆز يەتكۈسىز بۇغدايزارلىققا قاراپ مېڭىپ-
تۇ، ئېتىنىڭ بۇغدايلىق ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆ-
رۈپتۇ. ئۇ بىر ئېتىز بۇغداينى يەپ يەرنى ئاقلاپ قويغان
ئېتىغا راسا كايىپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكىدىن قىلغان
ئىشىغا خىجىل بولۇپ، باشقىلارغا زىيان سالغانلىقىدىن
ئويلىنىپتۇ، نابۇت قىلىنغان زىرائەتلەرگە ئېچىنىپتۇ، ئۇ
زىيان بەدىلىگە ئوخشىغان بىر دانە قوغۇن بىلەن بىر دانە
تاۋۇزنى ئېتىزلىقتا زىرائەت ئىگىسىگە قالدۇرۇپ يولغا
راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى بىر دېھقان ئېتىزىدىكى زىرائەتلەرنى
يوقلاپ كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر ئېتىزنىڭ ئوتتۇرى-
سى ئاق تۇرغۇدەك. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا يېقىن بارسا
دۈگىلەك ئىككى نەرسە ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقا-
مىش. ئۇنىڭ نە كۆزى، نە پۇتى، نە ئېغىزىنى كۆرگىلى

بولمىغۇدەك ئىمىش. ئۇ كىشى ئەجەبلەنگەن ھالدا: «بۇ ئېھتىمال بىر ۋەھشىي مەخلۇق ئوخشايدۇ، كىچىككىنە تۇرۇپ بىر ئېتىز بۇغداينى يەپ بوپتۇ» دەپتۇ ـ دە، ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈپ مەھەللىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ:

ــ ھەي خالايىق، چاپسان بولۇڭلار! قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار! يېزىغا بىر جۈپ مەخلۇق پەيدا بوپتۇ. دەرھال يوقاتمىساق، زىرائەتلىرىمىزنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلىغۇدەك...

تەرەپ ـ تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلىپ، «دۈشمەن»گە قارشى قوراللىنىپ ئېتىزغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. قارىسا، راستىنلا بىر پارچە يەردە زىرائەت يوق تۇرغۇدەك، ئىككى دۈگىلەك نەرسە ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگۈلۈپ ياتقۇدەك. كۆپچىلىك ھەيران قاپتۇ ـ دە، غەزەپلىرىگە چىدىماي كالتەك ـ توقماقلار بىلەن ئۇ مەخلۇقلارنى دۇمبالاشقا باشلاپتۇ. زەربىگە ئۇچرىغان بۇ ئىككى نەرسە يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ، سۇلىرى ئېقىپ، ئۇرۇقلىرى ھەر تەرەپلەرگە چاچراپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

ــ ئەيىۇھەنناس، بۇ مەخلۇقنى كۆرمەمدىغان، قانلىرى يەرنى بوياپتۇ. قورسىقىدىكى باللىرى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى تۇغۇلۇپ كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا، دېھقانچىلىقىمىزنىڭ ھەممىسنى قۇرۇتۇپ تاشلايدىكەن. ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا يوقىتىپتىمىز، ــ دېيىشىپتۇ. ئۇلار قىلغان ئىشلىرىدىن خۇشاللىنىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. كېلەر يىلى بۇ يېزىدا ئاجايىپ ئىش بوپتۇ: ھەر تەرەپكە چاچراپ كۆمۈلگەن ئۇرۇقلار ئۈنۈپ چىقىپتۇ، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن پىلەك تارتىپتۇ، چېچەكلەپ خەمەكلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ پىشىپ ۋايىغا يەتكەندىن كېيىن، كىشى كۆتۈرۈپ ئالالمىغۇدەك يوغىناپ ئېتىزلىقلاردا دۆۋىلىنىپ يېتىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ مۆجىزىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ. يېرىپ يەپ كۆرسە ئېغىزنى قورۇغۇدەك شېرىن ـ شەربەتلىك ئىمىش. ئۇلار ھەر تەرەپتىن تاغار ـ سېۋەتلىرىنى ئەكىلىپ ئۆيلىرىگە توشۇشقا باشلاپتۇ. كېيىن ئۇلار بۇ نەرسىنى بىر كىشىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىشىپتۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوغۇن ـ تاۋۇز كەلگۈلۈكى ئەنە شۇنداق تارقالغانىكەن.

### شاراب

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى توپان بالاسى بولغانىكەن. شۇ مەزگىلدە نۇھ ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم كىشىلەرنى كېمىسىگە سېلىپ ــ بىر رىۋايەتتە ئۈچ ئاي، يەنە بىر رىۋايەتتە ئالتە ئاي دېيىلىدۇ ــ سۇ يۈزىدە يۈرگەنىكەن. ئۇزۇقلۇق ئۈچۈن باشقا نەرسىلەر قاتارىدا يەنە ناھايىتى كۆپ مىقداردا قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىۋالغانىكەن. سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈش جەريانىدا كېمىگە نۇرغۇن قېتىم سۇ كىرىپ كېتىپ، ئۈزۈمنىڭ ئاستى سېسىشقا باشلاپتۇ. ئوزۇق تۈگىگەندىن كېيىن كىشىلەر ئىلاجىسىز سېسىغان ئۈزۈملەرنى سىقىپ سۈيىنى ئوزۇق قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بېشى سەل قايغاندەك بوپتۇ، ئەمما بىردىن روھلىنىپ، كېمە ئىچىنى خۇشخۇي چاقچاق، جاراڭلىق ناخشىلار قاپلاپتۇ. ھەممە كىشى بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن ھەيران قېلىشىپتۇ. كېيىن يەنە سېسىغان ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيىنى ئىچكەنىكەن، يۇقىرىقى ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر سېسىغان ئۈزۈم سۈيى روھنى كۆتۈرۈپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرىدىكەن دېگەن تونۇشقا كەپتۇ.

توپان بالاسى ئاخىرلىشىپتۇ. تىنچ تۇرمۇش باشلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر كېمىدىكى ئەھۋالنى ئەسلىشىپ، ئۈزۈملەرنى سېسىتىپ سۈيىنى چىقىرىپ، بىر خىل ئىچىملىك تەييارلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى «شاراب» دەپ ئاتاپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپتۇ، تۈرلۈك بەزمە، زىياپەتلەردە شاراب ئىچىش ئومۇملىشىپتۇ.

شۇ زامانلاردا پادىشاھلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرىدە



شارابنىڭ كۆچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، كەيپىياتنى تېخىمۇ
جانلاندۇرۇش، ئەمما شارابنىڭ ئىچىلىش مىقدارىنى كې-
مەيتىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە: «ك-
ىمدەكىم شارابنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، ئىچىلىش
مىقدارىنى ئازايتىپ، ئاز شاراب بىلەن كەيپىياتنى تېخىمۇ
جانلاندۇرالايدىغان ۋە جانلىنىش ۋاقتىنى ئۇزارتالايدىغان
بولسا، ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك مال-دۇنيا مۇكاپات بېرد-
ىمدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ.

شۇ زاماندا ياخشىلىقنى هارام بىلىپ، ئەسكىلىكتە
داڭقى چىققان، خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ، كۆڭلى تەسكە
قالغان بىر ئادەم بولۇپ، ئىسمى مەلئۇن ئىكەن. ئۇ پادى-
شاھنىڭ جاكارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچ كۆزلۈكى
غەليان كۆتۈرۈپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە پا-
دىشاھقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئۈچ ئايلىق مۆھلەت سوراپ-
تۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت
ئىچىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىسا، كاللىسىنى ئالىدىغانلىقى-
نى ئۇقتۇرۇپ، سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىپتۇ. مەلئۇن ئۆ-
يىگە كېلىپلا ئىش باشلاپتۇ. ئۇنداق قىپتۇ، بۇنداق قىپتۇ،
قىلمىغان ئىشلىرى قالماپتۇ، ئەمما بىرەر ئۇنۇمگە ئېرى-
شەلمەي، ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۆلى-
دىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە گېلى-
دىن تاماق ئۆتمەي يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بى-
رىدە، كۆزى چېقىر، بۇرنى پاناق، يۈزى گۆشلۈك، بويى
پاكارغىنا كەلگەن 50 ياشلار چامىسىدىكى سودىگەر قىيا-
پەتلىك بىر كوسا ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە:

— ھەي مەلئۇن، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سو-
راپتۇ.

مەلئۇن پۇتلىسىنى ئېيتقان ھالدا زار-زار يىغلاپ
تۇرۇپ، يىغلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— يىغلىما، بۇنىڭ چارىسى ئاسان. سەن پادىشاھنىڭ
ئالدىغا بارغىنىڭدا بىر يولۋاس، بىر تۈلكە، بىر قىزىل
خوراز تەلەپ قىلغىن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى ئۈزۈم
سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرتۇرۇچ ياسىغىن، شۇ
چاغدا ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دەپ يول كۆرسە-
تىپتۇ ھېلىقى ئادەم ۋە شۇئان كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ
ئادەم ئەسلىدە پۈتۈن دۇنيادىكى شۇملۇقلارنىڭ پىر-
ئۇستازى لەنىتى شەيتان ئىكەن.

مەلئۇن شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شاراب
ياساپ ئىچىپ بېقىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ۋۇجۇدىدا يۈز
بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئەقلى لال بولۇپ، خۇشاللىقىدىن
ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ-دە، بىر تۇلۇق شاراب تەييارلاپ
پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ شارابنى سىناقتىن
ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، دەرھال ۋەزىر، ئەمىر، ئەكابىر-
ئەشرەپلىرى قاتناشقان بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.
بىر نەچچە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن شۇنداق بىر
ئەھۋال سادىر بوپتۇكى، ھەممە كىشى ھەيرانلىقتىن نېمە
دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. مۆرىمەسلەر ناخشىغا، سۆرەلمە-
لەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ، قورقۇنچاقلار باتۇرغا ئايلىنىپتۇ،
تاماق قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشىپ،
پادىشاھقا قول شىلتىپ، چۇۋۇتقىلىرىنى چۇۋۇغىلى تۇرۇپ-
تۇ. بەزى توڭلار بولسا، ئالاھىدە مۇلايىملىشىپ، يېنىدا
ئولتۇرغانلارنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ شېرىن سۆھبەتكە
چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئادەتتە ياۋاش، مۆمىن دېگەنلەر يەڭ
شىمايلاپ ئاداۋىتى بارلار بىلەن جېدەللەشكىلى باشلاپتۇ.
بەزىلىرى بولسا ھايا-نومۇس دېگەنلەرنى تاشلىۋېتىپ،
ئاياللارغا ئېسىلىۋېلىشقا، بەزى ئاياللار بولسا ئوچۇق-
ئاشكارا ھالدا ئەرلەرگە چاپلىشىۋېلىشقا باشلاپتۇ. زىياپەت
خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان بولسىمۇ، كىشىلەر قورساقلىرى-
نىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىشمەپتۇ ۋە ئادەتتە تۈگەپ كېتىدى-
غان زىياپەت تاماقلىرى ئېشىپ قاپتۇ. كىشىلەر شۇ زى-
ياپەتتىكى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىشىپ، قورقۇنچاقلار-
نىڭ باتۇرغا ئايلىنىشى يولۋاس قېنىنىڭ ئارىلاشقانلىقى-
دىن، بەزىلەرنىڭ بەك مۇلايىم ياكى ھارامزادىلىشىپ
كېتىشى تۈلكە قېنى قوشۇلغانلىقىدىن، ھايا-نومۇسنىڭ
يوقىغانلىقى قىزىل خورازنىڭ قېنىدىن، قورساقنىڭ ئاچ-
ماسلىقى ئۈزۈم سۈيىنىڭ قۇۋۋىتىدىن دەپ خۇلاسە قى-
لىشىپتۇ.

شۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن شاراب ئىشلەش تېخىمۇ
تەرەققىي قىپتۇ، ئەمما جەمئىيەت كەيپىياتى يامانلىشىپ،
جېدەل-ماجىرا، بۇزۇقچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق ھەر خىل
جىنايى قىلمىشلار ئەۋج ئاپتۇ. بۇ ئىشلارغا قارىتا بەزى
دانىشمەنلەر «بۇ شاراب ئەمەس، ھەلەق ئىكەن» دەپ
نام بېرىپتۇ. ئۇزاق يىل ئۆتۈپ بۇ نام ئومۇملىشىپتۇ.
ئۇزاق جەريانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ھەلەق» سۆزى
«ھاراق» قا ئۆزگىرىپتۇ، ھاراق مانا شۇنداق پەيدا بولغا-
نىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار
يېزىسىدىن سەيلىخان يۈسۈپ، قادىر يۈسۈپ
سابىرجان سېيت توپلاپ رەتلىگەن

# ئۇچار گىلەم

(چۆچەك)



قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە بىر خاقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەمشقەمەر ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. قىز شاھمات ئويناشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. بىر كۈنى شاھ: «كىمكى شاھماتتا قىزىمنى يېڭىلىسە شۇ كىشىنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىمەن ھەم شاھلىقىمنى بېرىمەن. ئەگەر كىمكى ئۇتتۇرۇپ قويسا بېشىنى ئالىمەن» دەپ بىر جاكارنامە چىقىرىپتۇ. نۇرغۇن يىگىتلەر كېلىپ، شەمشقەمەر بىلەن شاھمات ئوينىغان بولسىمۇ ھېچبىرى ئۇنى يېڭەلمەپتۇ، ئۇلارنىڭ بېشى كېسىلىپ، كېسىلگەن باشلار ئوردا ئالدىدىكى دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يۇرتتا شاھمات بىلىدىغان ياش يىگىتلەر تۈگەپ كېتىپتۇ. قوشنا ئەلدە بىر نامرات يىگىت بولۇپ، ئىسمى تاھىر ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ شەمشقەمەر بىلەن بىر توي مەرىكىسىدە يانمۇيان ئولتۇرغۇدەكمىش، ئۇ خان قىزىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر چۈش كۆرۈپتۇ چۈشىدە بىر ئاپپاق ساقال. بوۋاي ئۇنىڭغا: — ئوغلۇم سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ يەردە سەن بەختكە يولۇقىسەن دەپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ شەمشقەمەر بىلەن شاھمات ئوينىماقچى بولغانلىقىنى ئاتا-ئانىسىغا ئېيتىپتۇ.

ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ تەقدىردىن ئەنسىرەپ بارمىغىن، دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماستىن سەپەر ھازىرلىقى قىلىشقا باشلاپتۇ. سەپەرگە چىقىپ بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر سەگۈ تىرەكنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. شۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى بوۋاينى يەنە كۆرۈپتۇ. بوۋاي: ئالدىڭدىكى تاغدا ئىككى پەرىزات ئاتىسىدىن قالغان مىراسلارنى ئۈلۈشۈپ بولالماي جېدەللىشىۋاتىدۇ، سەن بېرىپ ئۇلارغا مىراسلارنى بۆلۈپ بېرىپ ئايرىۋەتكەن، دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. تاھىر ئويغىنىپ بىر قانچە قەدەم مېڭىپلا ھېلىقى جېدەللىشىۋاتقان پەرىزاتقا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار تاھىرنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىپ، سىز كىم بولىسىز؟ دەپ سوراپتۇ. تاھىر:

— مەن بىر يوقسۇل، بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ ۋەجى سىلەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن جېدەللىشىۋاتقانلىقىڭلارنى ئۇقۇپ، سىلەرنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىزلار:

— ئاتىمىزدىن بىزگە ئۈچ خىل نەرسە مىراس



قالغان. بىرى قالپاق، بىرى ھاسا، بىرسى زىلچا، مۇشۇ ئۈچ نەرسىنى ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىمىز قانائەتلەنگۈدەك بۆلۈشەلمەي جاڭجال قىلىشىۋاتىمىز، — دەپتۇ.

تاھىر:

— بۇنى تالاشقۇچىلىك نېمىسى بار دېگەندە قىزلار:

— ياق بۇلار ئادەتتىكى نەرسىلەر ئەمەس. قالپاقنى كىمكى كىيىۋالسا، ئۇ ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدۇ. بۇ ھاسىنى كىم قولىغا ئېلىپ، نېمە يېگۈسى كەلسە دەرھال پەيدا بولىدۇ. گىلەمگە ئولتۇرسا قاناتسىز ئۇچالايدۇ، — دەپتۇ. تاھىر: بۇ نەرسىلەرنى بۆلمەك ئۇنچە تەس ئەمەس، مەن سىزلەرگە بۆلۈپ بېرەي، مەن مۇشۇ تاشنى ئاتىمەن، كىم تېز يۈگۈرۈپ بېرىپ شۇ تاشنى ئەكىلىپ بەرسە قالپاق بىلەن ھاسىنى ئالىدۇ، كېيىن قالغىنى گىلەمنى ئالىدۇ دەپتۇ. پەرىزاتلار ماقۇل بوپتۇ. تاھىر يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ پۈتۈن كۈچىنى ئوڭ قولىغا يىغىپ تاشنى تازا نېرىغا ئېتىپتۇ. ئىككى پەرىزات تاش كەتكەن يەرگە يۈگۈرۈشۈپ كېتىپتۇ. تاھىر قالپاقنى كىيىپ، ھاسىنى قولىغا ئېلىپ، گىلەمگە ئولتۇرۇپ شەمشىقەمەرنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. گىلەم يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە شەمشىقەمەر تۇرغان شەھەرگە بېرىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئوردىغا چۈشۈپلا خانغا ئۇنىڭ قىزى بىلەن شاھمات ئوينىيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خان ماقۇل بوپتۇ. تاھىر قىز بىلەن شاھمات ئويناشقا باشلاپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بىر يىلغىچە شاھمات ئويناپ بىر-بىرىنى يېڭەلمەپتۇ، شەمشىقەمەر بۇ نامرات يىگىت بىر يىلغىچە شاھمات ئوينايدىيۇ تاماق يېگىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار دەپ ئويلاپ، قالپاق بىلەن ھاسىدا خىسلەت بارلىقىنى قىياس قىلىپتۇ.

ئۇ پۇرسەت تېپىپ تاھىرنىڭ بۇ ئىككى خىسلەتلىك نەرسىنى ئوغرىلىۋېلىپ، تاھىرنى قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ پۇقرالارغا تاھىرنىڭ بېشىنى ئالىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇئاندا بىر بوۋاي چىقىپ:

— سىلەر شاھمات ئوينىغىلى — قانچە كۈن بولدى! — دەپ سوراپتۇ مەلىكىدىن.

— بىر يىل بولدى، — دەپتۇ مەلىكە بوۋايغا.

بوۋاي:

— «ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا يەنە 12 كۆڭلۈك مۆھلەت بېرەيلى، — بۇ 12 كۈن ئىچىدە يەنە يىگىلمىسە بېشى ئېلىنسۇن» دەپتۇ. تاھىر:

— ماڭا 12 كۈننىڭ ھاجىتى يوق، ئىككى كۆڭلۈك ۋاقتلا كۇپايە، — دەپتۇ، مەلىكە بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

تاھىر كېچە-كۈندۈز قىمىر قىلماستىن شاھمات ئويناشقا باشلاپتۇ. قىزنىمۇ ئۇخلاتماپتۇ. 2-كۈنى قىزنى ئۇيقا تۇتۇپتۇ. تاھىر ئۇنى قۇچاقلاپلا ئېلىپ گىلەمگە سېلىۋاپتۇ ۋە «ئۇچ گىلىمىم» دەپتۇ.

گىلەم ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ئۇچقانچە بىر چۆلگە بېرىپ چۈشۈپتۇ، شەمشىقەمەر قارىغۇدەك بولسا بىر چۆلدە يېتىپتۇ. تاھىر بىلەن ئىككىسلا تۇرغۇدەك. شەمشەمەقەر چۈشۈم ئوخشايدۇ، دەپ ئېسەنگىرەپ قاپتۇ. ئەمما تاھىر ۋەقەنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ ۋە مەلىكىدىن:

— ئۆزىڭىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلامسىز؟ يوق! — دەپ سوراپتۇ. شەمشىقەمەر:

— ماقۇل، بۇ ئاللا ئىگەمنىڭ قۇدرەت ئىلاھىدىن بولسا كېرەك، — دەپتۇ. ئەمما بۇ ئۇنىڭ چىن يۈرەك سۆزى ئەمەس ئىكەن. تاھىر ھاردۇقتا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شەمشىقەمەر ئۇنى گىلەمدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆيگە قېچىپ كەپتۇ. تاھىر ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا يالغۇز ئۆزىلا چۆلدە يېتىپتۇدەك. ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆك-ھۆك يىغلاپتۇ. بىرئازدىن كېيىن قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ. ئاچلىق ئۇنى بىر نەرسە ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىپتۇ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئوخشاش ئۆسكەن تۆت تۈپ ئالما ئۇچراپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا بىر ئالمىنى ئۈزۈپ چىشلەپتۇ. يېيىش بىلەن تەڭ بۇغىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن زارلىنىپتۇ قورسىقى يەنە ئېچىپتۇ، ئۇ يەنە بىر ئالمىدىن بىر تال ئېلىپ يېگەنىكەن، ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. تاھىر قورۇققىنىچىدا بىر قانچە كۈنگىچە دەرەخ تۈۋىگە يېقىنلاشماپتۇ. لېكىن ئاچلىق ئازابىغا چىدىيالماي دەرەختىن يەنە بىر ئالما ئۈزۈپ يېگەنىكەن، چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ. گەرچە ئادەمگە ئايلانغان بولسىمۇ، يىگىتلىكتىن مەھرۇم قالغانلىقىغا ئېچىنىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇ دەرەخ تۈۋىدە بىر قانچە كۈن تۇرۇپتىمۇ، ھېچ نەرسە يېمەپتۇ. لېكىن ئاچلىققا چىدىيالماي 4-دەرەختىن بىر دانە ئالما ئۈزۈپ يېگەنىكەن ئۆز ئەكسىگە كەپتۇ. ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، تۆت دانە سېۋەت توقۇپ، ھەر بىر دەرەختىن بىر سېۋەتتىن ئالما ئۈزۈپ، 2-سېۋەتتىن بىر ئالمىنى يەپ ئاتقا ئايلىنىپ، شەمشىقەمەر بار شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. 4-سېۋەتتىن بىر تال ئالمىنى يېگەنىكەن ئۆز ئەكسىگە كېلىپ، شەھەر سېپىلىدىن ئاتلاپ خان ئوردىسىغا كىرىپتۇ. قارىسا شەمشىقەمەر ئوردىدىكى قىزلار بىلەن ئويناۋاتقۇدەك. تاھىر بىر ئالمىنى ئاستىغىنا ئوردىدىكى ئېرىقتا تاشلىۋېتىپ ئۆزى يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بىر دېدەك ئېرىقتىكى سۇدا بىر ئالمىنىڭ ئېقىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، سۇزۇپ ئېلىپلا يېگەنىكەن رەڭگى ناھايىتى گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ.

شەمشىقەمەر ئۇنى كۆرۈپ:

— سەن بۇگۈن نېمىشقا بۇنداق چىرايلىقلىشىپ كەتتىڭ؟ يۈزۈڭگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرتۈپ، پەرداز قىلغان ئوخشايسەن دەپتۇ. دېدەك ئۇ مېنىڭ غوجايىنىم بولغاچقا



چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ سەپسالماپتۇ، ئەمما شەمشقەمەر:

— چاققان دەپ بەر، قانداق قىلىپ شۇنچە چىرايلىق بوپ قالدىڭ، ئىشەنمىسەڭ ئەينەككە قاراپ باق دەپتۇ. دېدەك ئەينەككە شۇنداق قاراپ، ئۆز جامالىنىڭ شۇنچە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئەس-ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئالمىنى يېگەندىن كېيىن، شۇنداق چىرايلىق بوپ قالغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. شەمشقەمەر:

— سەن بېرىپ قاراپ باق، يەنە بىرەرسى كېلىپ قالسا ماڭا ئەكىلىپ بەر، — دەپتۇ.

تاھىر بۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن. دەرھال بىر ئالمىنى سۇغا تاشلاپتۇ. دېدەك سۇزۇۋېلىپ غوجايىنىغا بېرىپتۇ، ئۇ قاراپمۇ قويماستىن ھالام-سۇلۇم بىر چىشلىگەنىكەن، شۇ زاماتلا بىر بۇغىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ سەكرەپ، ئېغىناپ كۆرۈپتۇ. ھېچ قىلىپ بۇغا ھالىتىدىن يانماپتۇ. بۇ چاغدا تاھىر ئوردىغا كېلىپ قارىسا، شاھ مەھكىمىسىدە ھەر خىل ئېسىل تائاملار تۇرغۇدەك، تاھىر ئاشپەزگە ئالمىدىنمۇ بىرئاز ئېلىپ تىزىپ قويۇشنى دەپتۇ. ئاشپەزنىڭ سېتىۋالغىنى 2-سېۋەتتىكى ئالمىدىن ئىكەن. بۇ دەل شاھنىڭ زىياپەت قىلىپ ھاراق-شاراب ئىچىۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. ئاشپەز بىر سېۋەت ئالمىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن، شاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى دەرھال بىر تالدىن ئالمىنى ئېلىپ يېيىشىپتۇ-دە، ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. تاھىر بىر مويسىپىتنىڭ سۇرىتىدە ياسىنىپ، ئوردىغا كىرىپ ئاتقا ئايلىنىپ كەتكەن خانغا قاراپ:

— ھەي قارالڭ، سىز ۋە قىزىڭىز ھايۋانغا ئايلىنىپ قالدىڭلار. بۇ سىزلەرنىڭ كىشىلەرگە قىلغان زالىملىقىڭلارنىڭ جازاسى. سىلەر پۇقرالارغا قىلچە رەھىم-شەپقەت قىلمىدىڭلار، ئەگەر سىلەر مەن دېگەن شەرتلەرگە ماقۇل بولساڭلار، مەن سىلەرنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن. سىلەر ئادەمگە ئايلانغاندا كەمبەغەللەرنى ھەرگىز بوزەك قىلمايدىغانلىقىڭلارغا ۋەدە بېرىڭلار، — دەپتۇ. خان ئاتقا ئوخشاش بىرنى كىشنەپتۇ. ئۇ ماقۇل دېگىنى ئىكەن. تاھىر 4-سېۋەتتىكى ئالمىدىن بىرنى بەرگەنىكەن، خان ئۆز ئەسلىگە قايتىپتۇ. خان دەرھال پۇقرالارنى يىغىپ ئىككىنچى كەمبەغەللەرنى قاقشاتمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىپتۇ. شۇنداقلا تاھىرنىڭ نەرسىلىرىنى تولۇق قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. تاھىر ئالمىنىڭ كۈچى بىلەن بۇغىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شەمشقەمەر:

— تاھىر مەن ئەسلىدە سىزگە يۈزسىزلىك قىلغانىدىم، تېگىشلىك جازايىمنى تارتتىم. مېنى ئەپۇ قىلىڭ، دەپتۇ ۋە نىكاھقا ئالسا ئۆزىنىڭ رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. سىزنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتسەم قانداق دەيسىز؟ — سوراپتۇ تاھىر شەمشقەمەردىن.

— مەن سىز بىلەن بەخت-سائادەت، جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولۇشقا رازى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شەمشقەمەر.

تاھىر مەلىكە شەمشقەمەرنى گىلەمگە سېلىپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. تاھىرنىڭ دادىسى قېرىپ كېسەلچان بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىكەن. تاھىر مەلىكنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئاتىسىنىڭ:

ئاسماندىكى بۇلۇتلار
يەرگە يامغۇر تۆكسەڭچۇ.
تاھىر جانغا بىزلەردىن
سالام ئېلىپ كەتسەڭچۇ.

گۈل-گىياھلار يامغۇردەك
كۆز يېشىڭنى تۆكسەڭچۇ.
نەدە بولساڭ تاھىرجان
تېزرەك يېتىپ كەلسەڭچۇ.

دەپ ئوقۇغان قوشىقى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۇلار بىلەن ياش تۆكۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. تاھىر يۇرتىدىكىلەرگە توققۇز كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ دۆلىتىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تاھىر بىلەن مەلىكە شەمشقەمەر شاھماتتا تا ھازىرغا قەدەر بىر-بىرىنى يېڭەلمەي كېلىۋېتىپتىمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سانجۇ يېزا ساي كەنتىدىن غوجاخمەت ئاخۇن، 73 ياش، دېھقان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ناھىيەلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىدىن تۇرسۇن مۇھەممەد ھوسۇن

(«گۇما خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى)



# ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتى

مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن

باغۋەنچىلىك ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە چوڭ كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بىرى. باغۋەنچىلىك ھەر قايسى مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئىلگىرى - كېيىن مەيدانغا كەلگەن. مىللەتلەرنىڭ باغ بەرپا قىلىش ئۇسۇلى ۋە باغدا ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋە تۈرلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلار باغ بىنا قىلىشتا كۆپرەك ئۆرۈك، شاپتۇل، ياڭاق، چىلان، ئالما، نەشپۈت، ئامۇت، ئۈزۈم، جىگدە، ئۈجمە، ئالۇچا قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى بۇ مېۋىلەرنىڭ پىشىش ۋاقتى ئوخشىمايدۇ. بەزىسى باھاردا، بەزىسى ياز ئوتتۇرىلىرىدا، بەزىسى كۈز پەسلىدە پىشىدۇ. ئۇيغۇرلار باغ بىنا قىلىشتا ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇشنى ئەمەس، ئۆزلىرى يېيىش، قولۇم - قوشنىلىرىغا سوۋغا قىلىش، باغنىڭ سالقىن، گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، دەم ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ باغ بىنا قىلغان.

ئۇيغۇرلار باغ بىنا قىلىشتا ئالدى بىلەن تۇپرىقى سەل قۇمساڭ، قۇياش نۇرى ياخشى چۈشىدىغان، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، يولغا يېقىن، سۇغىرىش بىر قەدەر ئاسانراق يەرلەرنى تاللايدۇ. ئاندىن باغ بىنا قىلماقچى بولغان يەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئېرىق ئالىدۇ. ئېرىق بويىغا قويۇق قىلىپ جىگدە كۆچىتى تىكىدۇ. جىگدە قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى. ئېغىر دەرىجىدىكى قۇم - بوراننىڭ ئالدىنى ئۈنۈملۈك توسالايدۇ. ئەڭ مۇھىمى باغنىڭ ئەتراپىغا توساق ھاسىل قىلىپ ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ باغنىڭ كۆچەتلىرىنى

نابۇت قىلىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. ئىككى يىلدىلا قېلىن چىتلاق ھاسىل قىلالايدۇ. باغلاردا قانداق مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈلمىسۇن ئون يىلدا ئوبدان مېۋىگە كىردۇ. بافدىكى دەرەخلەر ئوبدان ئايىنىپ مېۋىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن باغنىڭ مەلۇم يېرىگە ئۆي بىنا قىلىنىدۇ. بەزى ئائىلىلەر يازنى باغ ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇستا، ماھىر ئۈلاقچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ھەر يىلى سورت يېڭىلايدۇ. باغنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ باغ باشقۇرۇشقا باغۋەنلەرنى ياللايدۇ. ئۇلار باغ پەرۋىش قىلىش، كۆچەتلەرنى چاتاش، سۇغىرىش، چۆپلەرنى ئوتاش، پىشقان مېۋىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، قۇرۇتۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋاقتىدا قۇرۇتۇش، ھۆل مېۋىلەرنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش، قوشنىلارغا تارقىتىپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

باغ بىنا قىلىشتا كۆپىنچە يۇرت چوڭلىرى، يۇرت كاتتىلىرى، باي، مۆتىۋەر ئائىلىلەر، تېرىلغۇ يېرى كۆپ ئائىلىلەر، ئەمگەك كۈچى كۆپ ئائىلىلەر بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش، باغلىرىنى بىر ـ بىرىگە كۆز ـ كۆز قىلىش، بىر ـ بىرىدىن قالماسلىق مەقسىتىدە بىر ـ بىرىدىن كاتتا ھەشەمەتلىك باغلارنى بىنا قىلغان. بىر ـ بىرىگە مېھمان بولغاندا باغلاردا داستىخان راسلاپ كۈتۈۋالغان. داستىخان ئاخىرلاشقاندا باغلاردا سەيلە قىلىشقان. مەشرەپ ئۆتكۈزگەن، ئويۇن ـ تاماشا سورۇنلىرى تۈزگەن.

بەزى شەھەر ئىچىدىكى مەلۇم ئەتراپ، يېزا ـ كەنت، مەلۇم رايونلارنىڭ باغ نامى بىلەن ئاتىلىپ قېلىشىدا ئەينى دەۋرلەردە يېزا ـ بازار، شەھەرلەردە ئادەملەر ئاز، يەرلەر كۆپ بولغاچقا باي ـ تۆرىلەر بازار، شەھەر ئەتراپىدىن كۆپلەپ يەر ئىگىلەپ باغ بىنا قىلغان. ئەيش ـ ئىشرەتلىك كۈنلىرىنى ئاشۇ باغلاردا ئۆتكۈزگەن. كېيىنچە شەھەر، بازارلاردا ئادەملەر كۆپىيىپ بازارلارنى كېڭەيتىشكە زۆرۈر بولۇپ قالغان. شۇ جەرياندا باغلارنى تۈزلىۋېتىشكە توغرا كەلگەن. نامى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان، ھەممە ئادەمنىڭ ئېڭىغا سىڭىشىپ كەتكەن چوڭ، ھەيۋەتلىك باغلار تۈزلىنىپ كەتكەن. ئەمما باغ نامى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساقلىنىپ قالغان. ھازىرقى باغ نامى بىلەن ئاتالغان شەھەر، بازار، يېزا ـ كەنتلەردىكى مەلۇم ئورۇن ئەنە شۇ ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ھەشەمەتلىك باغلار ئورۇن ئالغان جايلاردۇر. ئاشۇ باغلارنىڭ ئىسمى ھازىر يېزا ـ كەنت مەھەللە، يەر جاي ئىسمى بولۇپ قالغان.

تولۇق بولمىغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا باغ نامى بىلەن ئاتالغان يېزا ـكەنت، مەھەللە، يەر جاي، ئورۇن ناملىرىدىن خوتەن ۋىلايىتىدە گۇجانباغ، تامباغ، ناۋاغ، شامالباغ، شورباغ، قۇمباغ، يېڭى باغ، رەھىمباغ، نەزەرباغ، نۇرباغ، گۈلباغ، دۆڭباغ، جالالباغ، ھالالباغ، سايباغ، جاھانباغ، چىمەنباغ، يالغۇز باغ، ھەيرانباغ، چاھارباغ... دېگەندەك ناملاردا 120 دىن ئارتۇق ئورۇن بار ئىكەن.

قەشقەر ۋىلايىتىدە كېرەمباغ، چىنە باغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، نەزەرباغ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان يېزا ـ بازار، كەنت ـ مەھەللە، يەر ـ جاي ئورۇن ناملىرىدىن 100 دىن ئارتۇقراق ئورۇن بار ئىكەن.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ھەرەمباغ، بېھىشباغ، مازارباغ، شامالباغ، قۇمباغ، يارباغ، گۈلباغ، قارا باغ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان يېزا ـ بازار، كەنت ـ مەھەللە، يەر جاي ئورۇن ناملىرىدىن 100 گە يېقىن ئورۇن بار ئىكەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە نۇرباغ، سايباغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان ئورۇن ناملىرىدىن ئوندىن ئارتۇقراق ئورۇن بار ئىكەن.

ئىلى ئوبلاستىدا دۆلەتباغ، ئوردا باغ، گۈلشەنباغ، ھەرەمباغ، چىمەنباغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان يېزا ـ بازار، كەنت ـ مەھەللە، يەر ـ جاي ئورۇن ناملىرىدىن 100 گە يېقىن ئورۇن بار ئىكەن.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئوردا باغ، ئارا تام باغ، باغداش باغ، ئاۋاق باغ، شامالباغ، چاھارباغ، راھەتباغ، شاپتۇللۇق باغ، ئۈزۈملۈك باغ، مەگەش باغ، تۆگە تاش باغ، كۆتەمە باغ، ياغۇرچاق باغ دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان يېزا ـ بازار، كەنت ـ مەھەللە، يەر ـ جاي ئورۇن ناملىرىدىن 130 دىن ئارتۇقراق ئورۇن بار ئىكەن.

تۇرپان ۋىلايىتىدە دۆلەتباغ، تۆۋەن كارىز باغ، تاللىق باغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان يېزا ـ بازار، كەنت ـ مەھەللە، يەر ـ جاي ئورۇن ناملىرىدىن 30 دىن ئارتۇقراق ئورۇن بار ئىكەن.

كورلا ئوبلاستىدا گۈلباغ، نۇرباغ، چىمەنباغ، يېڭى

باغ، ھەرەمباغ، چىلانباغ، قارا باغ، سۆگەتباغ، جىگدە باغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان يېزا - بازار، كەنت - مەھەللە، يەر - جاي ئورۇن ناملىرىدىن 70 تىن ئارتۇق ئورۇن بار ئىكەن.

قىزىلسۇ، بورتالا، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ باغ نامى بىلەن ئاتالغان بۇنداق يېزا - بازار، كەنت - مەھەللە، يەر - جاي ئورۇن ناملىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يېزا - بازار، كەنت - مەھەللە، يەر - جاي ئورۇن ناملىرى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز، ئىستىخىيلىك، تاسادىپي، مۇنداقلا قويۇلغان ئىسىملار ئەمەس. ھەممىسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسى بار. باغ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئەينى يىللاردا ئاشۇنداق ناملاردا ئاتالغان، ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشقان نۇرغۇن چوڭ - كىچىك باغلار بولغان. بۇ باغلارنىڭ نامى يىراق - يېقىنلارغا تونۇش بولۇپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ نامى ئادەملەرنىڭ ئېڭىغا ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا ئەينى يىللاردا ئاشۇ باغلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولسىمۇ لېكىن باغلارنىڭ نامى نەچچە 100 يىللاردىن بۇيان ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملىشىپ ھازىرقى كۈنگىچە كەلگەندە مەلۇم ئورۇننىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. يەنە كېلىپ بۇ باغلارنىڭ مېۋىلىرى سەرخىل، دەرەخ تۈرلىرى كۆپ، تارىخى ئۇزاق، كۆلىمى چوڭ بولمىسا ئۇنىڭ نامى بۇنداق ئۇزاق، بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقىدەك دەرىجىدە مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى باغلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ تارىخى 300 يىلدىن ئاشىدىكەن. بۇنداق ئۇزاق تارىخقا ئىگە باغلار ھەرقايسى يۇرتلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولغان. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا ئەينى يىللاردىكى ئاشۇ باغلارنىڭ ئىسمى بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ باغ جايلاشقان ئورۇننىڭ نامى بولۇپ قالغان. يەنە ھەرقايسى يۇرتلاردا نامى ئاتالمىغان، ئاتالغان بولسىمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نامى ئاستا - ئاستا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. بىز تىلغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن سان - ساناقسىز باغلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما باغ مەدەنىيىتى بىز ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان مۇكەممەل مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئالاھىدە كەسىپ تۈرى. ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى تۈزلەڭ رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان ھەم كۆپرەك دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، دېھقانچىلىق بىلەن ئورمانچىلىق قوش لىنىيەدە تەرەققىي قىلغان. يېرى كۆپ ياكى باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە تەجرىبىسى بار بىر قىسىم كىشىلەر بىر قىسىم يەرلىرىنى تېرىلغۇغا قالدۇرۇپ قويغاندىن سىرت يەنە بىر قىسىم يەرلىرىگە باغ بىنا قىلىپ باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. باغلارنىڭ نامىنى ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

### 1. خانلىق باغلار

ھەممىمىزگە مەلۇم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قەشقەر، يەكەن، پىچان، قۇمۇل، تۇرپان، غۇلجا، كۇچا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن



بولۇپ ھەرقايسى دەۋر، سۇلالىلەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ مەركىزى بولغان. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ دەۋر خانلىرىنىڭ مەخسۇس ئارام ئالىدىغان، بەزمە-مەشرەپ قىلىدىغان، ئوۋ ئوۋلايدىغان چوڭ-كىچىك باغلىرى بولغان.

مىسالغا ئالساق، قۇمۇل ۋالىڭ ئوردىسىغا قاراشلىق ئورداباغ، ئاۋات باغ، چاھارباغ، راھەتباغ... قاتارلىق چوڭ-كىچىك جەمئىي 16 بېغى بولغان. بۇ باغلارنىڭ كۆلىمى 600 مودىن ئاشقان.

قەشقەر شەھرىدە دۆلەتباغ، كۇچادا بېھىشباغ، پەچاندا دۆلەتباغ، غۇلجا شەھرىدە دۆلەتباغ... قاتارلىقلار مەخسۇس ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ دەم ئالىدىغان، ساياھەت قىلىدىغان، بەزمە-مەشرەپ ئوينايدىغان باغلىرى بولۇپ بۇ باغلار ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك باغلار بولغاچقا نامى يىراق-يېقىنغا تارالغان.

**2. شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان باغلار**

ھەرقايسى يۇرتلاردا شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان باغلار ئىنتايىن كۆپ. كېرەمباغ، نەزەرباغ، رەھىمباغ، جالالباغ... دېگەندەك. بۇنداق شەخسلەر ئەينى دەۋرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن بولۇپ ئۇلارنىڭ باغلىرى شۇ زاماندىكى ھەشەمەتلىك، مېۋىلىرى سەرخىل، كۆلىمى چوڭ باغلار بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ئۇلارنىڭ نامى بۈگۈنگە قەدەر ئۇنداق ئۇزاق ساقلىنىپ قالمىغان بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا شاھ مەخسۇت، يولۋاس... قاتارلىقلارنىڭمۇ ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان مەخسۇس مېۋىلىك باغلىرى بولغان.

**3. جۇغراپىيەلىك شارائىتقا ئاساسەن ئىسىم قويۇلغان باغلار**

ھەرقايسى يۇرتلاردىكى باغ نامى بىلەن ئاتالغان ناملارغا دىققەت قىلساق شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا ئاساسەن قويۇلغان باغ ناملىرىمۇ خېلى كۆپ. ئويباغ، قۇمباغ دۆڭباغ، لەڭگەرباغ، تىترباغ، قارا باغ، شورباغ، مازارباغ... دېگەندەك جۇغراپىيەلىك ئورۇن، شارائىتقا ئىسىم قويۇلغان باغلار ئىنتايىن كۆپ. بۇ باغلار ئەينى ۋاقىتتا شۇ يەرلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەرپا قىلىنغان باغلار بولۇپ كېيىنچە باغلار خاراب بولۇپ نامى ساقلىنىپ قالغان.

**4. تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان باغلار**

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنىدىغان ئىشەنچ ئېڭى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل داۋام قىلغان. شۇ جەرياندا مەلۇم تەبىئەت ھادىسىسىگە چوقۇنۇش بەزىدە كۆچەيگەن، بەزىدە پەسەيگەن. شۇ جەرياندا مەلۇم جەمئىيەت، مەلۇم رايون خەلقىدە مەلۇم تەبىئەت ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن ئالاھىدە ئاڭ پەيدا بولغان. بۇنداق ئاڭنىڭ نەتىجىسىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان شەيئىلەرگىمۇ شۇنداق ناملارنى قويىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. ھازىر ھەرقايسى يۇرتلاردا شامالباغ، نۇرباغ، جاھانباغ، قىزىل باغ، يېشىل باغ، گۈلباغ، كۆل باغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان يېزا-بازار، كەنت-مەھەللە، يەر-جاي ئورۇن ناملىرى ئىنتايىن كۆپ. بۇ ناملارنىڭ ئاتىلىشىدا مەلۇم سەۋەبلەر بار. باغلارغا بۇنداق ئىسىملارنىڭ قويۇلۇشىدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش چۈشەنچەسىنىڭ تەسىرى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

**5. بايلىق نامى بىلەن ئاتالغان باغلار**

بايلىق ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى ئاساسلىق ئامىل. ئىنسانلار پۈتكۈل ئۆمرىدە بايلىققا ئىنتىلىپ ياشايدۇ. ئۇلار بايلىققا بەزىسى ئىلگىرى، بەزىسى كېيىن، بەزىسى كۆپ، بەزىسى ئاز ئېرىشىدۇ. بايلىققا ئېرىشىش ئارزۇسىدا پەرزەنتلىرىگە ھەتتا ئالتۇنگۈل، كۈمۈشگۈل دېگەندەك ئىسىملارنى قويىدۇ. يېڭىدىن پەيدا بولغان شەيئىلەرگىمۇ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى قويىدۇ. ھەرقايسى يۇرتلاردا ئالتۇنباغ، بەختباغ، كۈمۈشباغ، چىنەباغ، دۆلەتباغ، بەشباغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن يېزا-بازار، كەنت-مەھەللە، يەر-جاي ئورۇن ناملىرى خېلى كۆپ. بۇ ناملار بەزىسى ئېرىشىپ بۇ جايلار بەزىسى ئېرىشىپ بولغان بايلىققا، بەزىسى ئېرىشمەكچى بولغان بايلىققا سىمۋول قىلىنىپ قويۇلغان.

**6. مېۋىلىك دەرەخ ناملىرى بىلەن ئاتالغان باغلار**

ئادەملەرنىڭ مېۋىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر بىرخىل مېۋىگە ئامراق بولسا بەزىلەر يەنە بىرخىل مېۋىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن باغ بىنا قىلىشتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مېۋىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى، قايسى مېۋە ياخشى ئوخشايدۇ، ئەتراپىدىكى ئادەملەر

قايسى خىل مېۋىگە بەكرەك ئېھتىياجلىق، قايسى خىل مېۋىلەرنى ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدۇ دېگەنلەرنى ئاساس قىلىپ باغ بىنا قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىنا قىلىنغان باغلاردىكى مېۋىلەرنىڭ تۈرىمۇ ئوخشىمايدۇ. باغلارغىمۇ باغدىكى مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، مېۋە تۈرلىرىنىڭ خىلى بويىچە ئىسىم قويۇلىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر - جاي ناملىرى ئىچىدە شاپتۇللۇق باغ، ئالمىلىق باغ، ئانارلىق باغ، ياڭاقلىق باغ، ئۈجمىلىك باغ، ئۈزۈملۈك باغ، نەشپۈتلۈك باغ، جىگدىلىك باغ، ئۆرۈكلۈك باغ، قوغۇنلۇق باغ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان ۋە شۇ خىل مېۋىنى ئاساس قىلغان باغلار بولغان. بۇ باغلار بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي نامىنى يوقاتمىغان.

**7. ئەمەل - مەنسەپ نامى بىلەن ئاتالغان باغلار**

ھەرقايسى يۇرتلاردىكى يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر - جاي ناملىرى ئىچىدە تۇختى تورغىنىڭ بېغى، سوپەم بەگنىڭ بېغى، باقى لورۇڭنىڭ بېغى، سايىم يۇز بېشىنىڭ بېغى، ئۆمەر شاڭيۇنىڭ بېغى... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان ئورۇنلار بار. ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ خىل ئەمەلدىكى بىر قىسىم كىشىلەر باغ بىنا قىلغان. ئەينى يىللاردا خەلق ئۇ كىشىلەرنىڭ بېغىنى ئاتاشتا باغ ئىگىسىنىڭ ئەمەلىنى قوشۇپ ئاتىغان. كېيىن بۇ باغلار مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولسىمۇ باغ ئورنى يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساقلىنىپ قالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ باغلارنىڭ نامى ئەسلىدىكى باغ ئورنىغا ئىسىم بولۇپ قالغان. بۇ باغلار مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ كېيىنكى كۈنلەردە ئەمەل نامى ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، نام يەنىلا خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان.

**8. ھايۋان. ئۇچار قۇشلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان باغلار**

ھەرقايسى يۇرتلاردا ھايۋانلارنىڭ، شۇنداقلا ئۇچار قۇشلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر - جاي ناملىرى بار. تۆگە باغ، ئۆچكە باغ، كالا باغ، قوچقار باغ، جەرەنباغ، كەپتەرباغ، ئۆردەك باغ، غاز باغ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان باغلار بار. ئەينى ۋاقىتتا بۇ باغلاردا باغۋەنچىلىك بىلەن ئاشۇ خىل ھايۋان ۋە ئۆي قۇشلىرى ئائىلە باقمىچىلىقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ياكى ئاشۇ ئەتراپتا ئاشۇ خىل ھايۋان ياكى قۇشلار كۆپرەك بولغان بولۇشى مۇمكىن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باغلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ باغ نامى ساقلىنىپ قالغان. يەنى ھەرقايسى يۇرتلاردا ئادەملەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان پوستەك باغ، تۇگمەن باغ، قاغا باغ، شىرە باغ، چوماق باغ، قۇيرۇق باغ، كۆسەي باغ، چىنە باغ، قارا باغ... دېگەندەك. گۈل - گىياھلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان چىمەنباغ، گۈلباغ، خېنە باغ، يالپۇز باغ، ئەنبەر باغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر - جاي ناملىرى ئىنتايىن كۆپ.

**9. چەت، يىراق جايلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان باغلار**

خەلقىمىز ئەزەلدىن بوزيەر ئېچىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىغان. ئەمگەك كۈچى كۆپرەك ئائىلىلەر بوز يەر ئېچىپ باغ بىنا قىلىپ ئۈنۈمىدىن پايدىلانغان. ھەرقايسى يۇرتلاردا يېزا -كەنت، مەھەللە، يەر - جاي نامى باغ بىلەن ئاتالغان ئورۇنلار خېلى كۆپ. ئاچما باغ، جاڭگال باغ، ئاياغ باغ، ئارا باغ، تۆۋەن باغ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان باغلار بار. بۇ باغلارنىڭ ئاتىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ چېتىگە، يۇرتنىڭ باش تەرىپىگە ياكى ئاياغ تەرىپىگە بەرپا قىلىنغان باغلار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ باغلار ئاشۇ يۇرتقا نىسبەتەن ئەينى ۋاقىتتا خېلى نامى چىققان يىراق - يېقىنغا نامى تارالغان باغلار. شۇ سەۋەبتىن باغلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولسىمۇ باغنىڭ نامى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىپ قالغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ باغلارنىڭ نامى مەلۇم يېزا - كەنت ياكى مەھەللە نامى بولۇپ قالغان.

سۆزلەپ كەلسەك بۇنداق باغ ناملىرى ئاتالغان يەر - جاي، ئورۇن ناملىرى بەك كۆپ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ جايلاردا ھېچقايسى ئورۇندا باغ مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت باغنىڭ نامىلا مەۋجۇت. بۇ ناملار خەلقىمىزنىڭ ئېغىزىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن بولغاچقا ھازىر بۇ ناملار ھەرقايسى شەھەر - ناھىيەلەرنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەرىپىدىن قانۇنىي رەسمىيەتلەر بويىچە مەخسۇس ئارخىپلاشتۇرۇلۇپ يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر - جاي، شەھەر كوچىلىرىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. ئەينى يىللاردا ئۇلار

رەسمىي باغ ئىدى. ھازىر مەلۇم ئورۇننىڭ ئىسمى بولۇپ قالدى. ئەسلىدىكى خېلى كۆپ باغلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مەۋجۇت ئىدى. كېيىن پولات تاۋلاش، يەرلەرنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، سالالاشتۇرۇش دولقۇنلىرىدا ئورمانلار نابۇت قىلىنىپ باغلارنىڭ ھەممىسى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇلغان. يېقىنقى مەزگىللەردە ھەرقايسى يۇرتلاردا بىر قىسىم باغلار بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن بۇ باغلارنىڭ نامى خەلق قەلبىگە تېخى چوڭقۇر ئورناشمىدى. باغ مەۋجۇت بولسىمۇ نامى بىرەر ئورۇنغا ئىسىم بولغىدەك دەرىجىدە ئوبرازغا ئىگە بولالمىدى.

يېقىنقى يىللاردا چوڭ - كىچىك شەھەر ۋە ھەرقايسى ناھىيە بازارلىرى، يېزىلاردا ساياھەتچىلىك، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، زوقلىنىش تىپىدىكى باغچىلار كۆپلەپ بەرپا قىلىندى. لېكىن ھازىرقى باغچىلار ئىلگىرىكى باغلار بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئىلگىرىكى باغلاردا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلغان. بىر قىسىم مېۋىلەر ھۆل ھالدا ئىستېمال قىلىنسا، بىر قىسىم مېۋىلەر قۇرۇتۇۋېلىناتتى ياكى ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلارغا تارقىتىپ بېرىلەتتى، باغدا ئارام ئېلىش تىپىدىكى سارايلار، ئولتۇراق ئۆيلەر سېلىنغان.

بۇرۇن بىر كەنت ياكى يېزىدا نەچچە ئون چوڭ - كىچىك باغلار بولغان. بەزى بايلار ئۆزىنىڭ بايلىقىنى باغلىرىنىڭ كۆلىمى، مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مېۋىلىرىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن ئۆلچىگەن. بەزى يەر ئىگىلىرى بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ باغ بەرپا قىلغان. بەزى يېزا - كەنتلەردە مېۋە - چېۋە ئالاھىدە ئوخشىغاچقا كۆپلەپ باغ بەرپا قىلىنغان. بەزى جايلاردا تۇپراق تاللاپ باغ بەرپا قىلىنغان. بەزى يۇرت - مەھەللە خەلقى باغ بىنا قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. بەزى ئورۇنلاردا پەسىل قوغلىشىپ باغ بەرپا قىلىنغان. نەتىجىدە بىر ئورۇندا نەچچە ئون باغ بەرپا قىلىنغان. باغلار بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن باغۋەنچىلىك بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىگە ئىنچىكە دىققەت قىلساق يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، ساياھەتچىلىك، ئارام ئېلىش، ھويلا - ئاران باقمىچىلىقى، ھويلا - ئاران مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مىمارچىلىق، ساغلاملىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، قوشنىدارچىلىق، ئېكولوگىيە بىرلەشكەن ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى.

باغۋەنچىلىك ئۇيغۇرلاردا نەزەرىيەلەشكەن، سىستېمىلاشقان، كەسىپلەشكەن، پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن كەسىپ. شۇڭا كلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدە باغۋەنچىلىك رىسالىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن ئۇيغۇرلاردا خېلى بۇرۇنلا ئېكولوگىيە مەدەنىيەت ئىلمىنىڭ شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمىز باغ نامى بىلەن ئاتالغان ئورۇنلار ئەسلىدە باغ بولۇپ كېيىنچە باغ ۋەيران بولۇپ نامى ساقلىنىپ قالغان. ئەمما باغ ئاتالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇيغۇرلار كۆچەت تىكىپ يېشىللاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇرۇن ھەممە ئائىلىلەرنىڭ يېرىنىڭ ئەتراپلىرى بۈك - باراقسان ئورمانلىق ئىدى. يول، ئۆستەڭ، ئېرىق، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئەتراپىدا غايەت زور ئېگىز، ھەيۋەتلىك قەدىمىي دەرەخلەر بار ئىدى. ئۈزۈم، كاۋا، قاپاق ئۆستۈرۈپ ھويلىنى سالقىنلاشتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرغان. مەخسۇس ھويلا - ئاران مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋر جەريانىدا شەكىللەنگەن ھەم مۇكەممەل پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بىز پەقەت يېقىنقى زاماندىلا ئاندىن بۇ پەننى رەسمىي ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقتۇق. ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەردىكى باغۋەنچىلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيەۋى بىلىملەر ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن باغۋەنچىلىك بىلىملىرىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى مەھسۇلى، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى. مىسال ئۈچۈن بىر ئائىلە ھويلىدا ئۈجمە ئۆستۈردى دېسەك غازىڭىدا پىلە باقىدۇ، ئۈجمىسىنى ئىستېمال قىلىدۇ. شاخ - شۇمبىلىرىنىڭ قوۋزىقىدىن قەغەز ياسايدۇ. ياغىچىدا چالغۇ ئەسۋاب ياسايدۇ، شاخ - شۇمبىلىرىنى يېقىلغۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن پايدىلىنىدۇ. دېمەك باغۋەنچىلىك ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇيغۇرلاردىكى باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى يېمەك - ئىچمەك، ئەدەبىيات - سەنئەت، كۆڭۈل ئېچىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ساغلاملىق، ھويلا - ئاران مەدەنىيىتى، ھويلا - ئاران باقمىچىلىق مەدەنىيىتى، ئېكولوگىيە، مىمارچىلىق، ياغاچ ئويمىچىلىق، قىرمىچىلىق، بىناكارلىق... قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى

زىباگۈل تۇرسۇن

### ئادراسمان ھەققىدە

كىچىكىمدىن سەھرادا چوڭ بولغاچقىمىكىن دالىدىكى
ياپپىشىل ئوت-چۆپلەر، توپلىشىپ ئۆتلاپ يۈرگەن مال-
چارۋىلار ماڭا بەك تونۇش ئىدى. مەن كالىنى بەكرەك
ياخشى كۆرەتتىم. مومام كالىنى سېغىپ، سۈتنى پىشۇرۇپ
تاكى ئەتىسى ئەتىگەن قايمىقىنى سۈزۈپ بەرگۈچە تۆت
كۆز بىلەن ساقلايتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كالى-
مىزنىڭ سۈتى ئازلاپ كەتتى. بۇرۇندىن ئەتكەن چاي ئە-
چىشكە ئادەتلەنگەچكىمۇ زادىلا كۆنەلمىدۇق، چۈش بول-
غاندا قوتانغا كىردىم. كالىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ
قالغان بولۇپ، كۈچسىز پۇتلىرىدا ئارانلا ئۆرە تۇرغان-
دى. مەن ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ-
ياقتىن-بۇياققا ماڭدىم. تۇيۇقسىز ئەندىكىپ كەتتىم

ھەمدە قورققىنىمدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ موماملغا ئېسىلدىم.
— موما، كالىنىڭ يېنىغا كىرگەنىدىم. پۇرىقى غەلىتە
بىر نەرسە تورۇستا ئېسقلىق تۇرىدۇ. ئۇ نېمە؟
— ۋاي ئېسىم قۇرسۇن، — موموم پېشانىسىگە
بىرنى ئۇرۇۋېتىپ، يۈزلىرىمگە سۆيۈپ كەتتى، — ئەقىل-
لىق بالام، چىچەن بالام.
— موما تېززەك ئېيتساڭچۇ؟
— بالام، ئۇ ئادراسمان. ئېتىز-داللاردا، يول بوي-
لىرىدا ئۆسىدۇ، — موموم مېنى يېتىلەپ قوتانغا ئەكىردى
ۋە تورۇستىكى ئادراسماننى كۆرسىتىپ، — ھەر قېتىم
بوۋاڭ ئىككىمىز چىغ ئورۇغىلى چىققاندا ئېتىز بويىدىن
بىر، ئىككى تۇتام ئېلىۋالاتتۇق ھەمدە ئۇنى ئەكىلىپلا
ئېسىپ قوياتتىم. ئۇنىڭ گۈلى ئاق رەڭلىك بولىدۇ. قارا

ماۋۇ شاردەك غوزىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. بىر يىلى قىشتا، دادالڭ قاتتىق يۆتىلىپ قېلىپ، كېچە-كۈندۈز بەك قىينىلىپ كەتتى. 11 بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىپتىمىز، نەدىمۇ داۋالانغىدەك پۇل... ئويلاپ باقسام ئانام بىر چاغلاردا ئادراسمان نۇرغۇن ئاغرىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ دېگەنىدەك قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادراسماننىڭ ئۇرۇقىنى سۇس ئوتتا تازا قىزىتىپ ئۈچ كۈن ئۇدا ئىچكۈزۈۋېدىم. دادالڭ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دادالڭنىڭ قايتا يۆتەلگىنىنى ئاڭلىمىدىم، كېلە بالام! ئوقۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ماڭا بىر تۇتام ئېلىپ بەرگىنە.

توۋا مۇشۇنداق قاغىسىق، ئېتىزدا ئۆزى ئۆسۈپ، ئۆزى قۇرۇپ كېتىدىغان بۇ ئادراسماننىڭ مۇشۇنچىۋالا رولى باركىنا؟

مومام مەن ئېلىپ بەرگەن بىر تۇتام ئادراسماننى كونا گۈرجەكنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئازراق چوغ سالدى. ئادراسماندىن بىر خىل غەلىتە، قاغىسىق ئىس چىقىشقا باشلىدى. مومام ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ كالىنىڭ ئەتراپىنى ئىسرىقداشقا باشلىدى. مومامنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر قېتىم كالا-قويلار ساقسىز بولۇپ قالغاندا ئادراسماندا مۇشۇنداق ئىسرىقداپ بەرسە ياخشى بولۇپ قالىدىكەن.

تولۇقسىز 2-يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلىرىم ئىدى. دۈمبەمگە ئۈششاق، قىزىل يارىلار چىقىپ كەتكەنىدى. كۈندۈزى مەكتەپكە بېرىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ھېچنېمىنى ھېس قىلمايتتىم. كەچ كىرىشى بىلەن بەدىنىمنى تاتىلاپ ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتىم. ئەنە شۇ كۈنلەردە مومام يەنە شۇ ئادراسمان بىلەن بۇ ئىشلارنى ھەل قىلدى. مومامدىن سورىدىم:

— موما، ئادراسمان بىلەن يەنە قايسى ئاغرىقلارغا داۋا تاپقىلى بولىدۇ؟

مومام مېنىڭ سوئاللىرىمغا ئېرىنمەستىن جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— بالام، بۇ قېتىم بەدىنىڭگە چىققان يارىلار يەلدىن، سوغۇقۇڭنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان. ئادراسماننى قاينىتىپ ئۇنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بەدەننى يۇيۇپ بەرسە ناھايىتى تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، ماۋۇ قازاق قوشنىمىز نۇرۇش ئاپاڭنىڭ قوللىرىنى يارا-چىراق بېسىپ كېتىپ، ئادراسماندا يۇيۇپ بېقىڭلار دېسەم، ھەققەتەن ئۈچ، تۆت كۈندە ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ئادراسمان يەنە قانداق كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ دېگەندە، يېڭى بوشانغان ئاياللار قىرقى چىققاندىن كېيىن بىر تۇتام ئادراسماننى قاينىتىپ سۇيىدە يۇيۇنسا ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تىجارەتچىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر تۇتام ئادراسمان بىلەن دۇكاننى ئىسرىقداپ يامان روھلارنى قوغلايدۇ ھەمدە دۇكانغا خېرىدار كۆپرەك كىرسىكەن، دۇكاننىڭ مۇھتى ياخشىلانسۇن دەپ ئىسرىقدايدىغان ئىشلارمۇ بار.

— موما ئۇنداقتا ئادراسماندىن باشقا ئىسرىقداشقا بولىدىغان نەرسىلەر بارمۇ؟

— بار، ئارچىدىمۇ ئىسرىقداشقا بولىدۇ. لېكىن ئارچىنى ئاسان تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئادراسماننى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بەزى ياشانغانلار بار ئائىلىلەردە (ساڭگۇي) قوتانلارغا ئېسىپ قويىدۇ ۋە بۇرۇندىن شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى ياشلار بۇ ئادراسماننىڭ نېمىلەرگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن.

ئادراسمان — ساقسىز بولۇپ قالغان مال-چارۋىلارنى ئىسرىقداش، دۇكان، تۇغۇت بار ئۆيلەرنى ئىسرىقداشتىن باشقا، قاينىتىپ سۇيىنى ئىچسە يۆتەلنى توختىتىدۇ. سۇيىدە يۇيۇنۇپ بەرسە ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يەلدىن بولغان يارا، دانىخورەكلەرنى ساقايتىدۇ. قىچىشقاقىقا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ بەدەندىكى نەملىكنى چىقىرىپ تاشلاپ، زەھەرنى كېسىش رولىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، پۇت ئاغرىقى، قورساقتىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، سۇيدۇك ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

ئۇيغۇرلاردا تۇغۇت ئىنسان ئۆمرىدىكى ھايات-ماماتلىق جېڭى دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى تۇغۇت دۇنياغا بىر جاننىڭ كۆز ئاچقانلىقى، يەنى ئىنسان ئۆمرىدىكى تۆرەلىشتىن ياشاش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىش بىلەن تەڭ قايغۇ-ھەسرەتلىك ۋەقە سادىر بولۇشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ھامىلدار ئايالنىڭ سالامەت تۇغۇشىنى تىلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىمدا ھامىلدار ئايال بوشانغان ئۆيگە ئادراسمان ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار بالا تۇغۇلۇپ قىرقى توشقۇچە بولغان ئارىلىقتا بالىنى بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. يەنى بالا بۆشۈككە بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن «بۆشۈك ئانىسى» ئادراسمان بىلەن بىر چىمدىم تۇزنى قوشۇپ ئىسرىق سېلىپ بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق چاپلىشىۋالغان «يامان روھ»لارنى قوغلايدۇ.

توي — ئۇيغۇرلار توينى ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش ھېسابلايدۇ. تويدا قىز-يىگىتنىڭ يېڭى ھۇجرىسىغا ئادراسمان (يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى) ۋە قوي مېيى قاتارلىقلار بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ.

## جىگدە ھەققىدە

1) جىگدە شوخسى

كىچىكىمدىن مومامنىڭ يېنىدىلا چوڭ بولغان، شۇڭا مومام ئېيتىپ بەرگەن «چىن تۆمۈر باتۇر» ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئىلگىرى بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق پاراڭلارنى ئاڭلاشقا ھېرىس ئىدىم. ئون ياش ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك، قاتتىق ئاغرىپ قالدىم. بوينۇمغا تۇخۇمنىڭ چوڭلۇقىدا يۇمۇرۇتقا چىقىپ قالغانىدى. ئاغرىق دەستىدىن نە ئۇھ دېگۈدەك ھال بولسۇن. ھەممە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ يۈرەتتى. شۇ كۈنى كەچتە مومام ئىنىمنى چاقىرىپ باغنىڭ تۆرىدىكى جىگدىلىككە بېرىپ، جىگدىنىڭ شوخىسىدىن بىر نەچچىنى ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. ھايال ئۆتمەي شوخا، داكا تەييار بولدى. قانچە سائەتلەر ئۆتتىكىن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئويغانسام مومام بېشىمدا چاچلىرىمنى سىيپاپ تۇراتتى. مومامنىڭ دېيىشىچە بوينۇمدىكى يۇمۇرتقىنى شوخا بىلەن تېشىپ، ئىچىدىكى قان-يىرىڭلارنى تازىلاپتۇ. مومامدىن قىزىقسىنىپ سورىدىم:

— موما، نېمىشقا يىڭنە بىلەن تەشمەي جىگدىنىڭ شوخى بىلەن تەشتىڭ؟

مومام كۈلۈپ كەتتى ۋە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بالام سەن تېخى كىچىك، جىق ئىشلارنى بىلمەيسەن. يىڭنە ئادەمگە يەل كېلىدۇ. ئەگەر بوينۇڭنى يىڭنە بىلەن تەشسەك ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ياخشى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ئىش تېخىمۇ چىڭىغا چىقىدۇ. جىگدىنى مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرگەندە، بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ، قورساق ئاغرىغانغىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ. مۇشۇ شوخىنىڭ ئۆزىلا ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، مۇھىمى يەل كەلمەيدۇ. بۇرۇن-بۇرۇنلاردىن تارتىپ ئاتا-بوۋىمىز جىگدىنىڭ مېۋىسى، شوخا، ھەتتا غولىدىكى يېلىملارغىچە ھەممىسىدىن ياخشى پايدىلانغان.

ئاردىن ھەپتە ئۆتۈپ بوينۇمدىكى يارا ئېغىزى ھەقىقەتەن ياخشى بولۇپ كەتتى، شۇندىلا مومامنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

2) جىگدە يېلىمى

كىچىكىمدە داۋاملىق مەھەللىمىزدىكى قىز-چوكانلارنىڭ يوغان بادىرلىق قېرى ھەم مايماق جىگدىلەرنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ بىر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق. بىر كۈنى نەۋرە ئاچاملا بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە، مومام نەۋرە ئاچامنىڭ چېچىنى كۆرۈپ بىزنى بىللە جىگدە يېلىمى ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. ھاممام، نەۋرە ئاچام ۋە بىر قانچىمىز جىگدە دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىدىن جىگدە يېلىمى قومۇرۇپ ئەكىردۇق. نەۋرە ئاچام چېچىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، مومام جىگدە يېلىمىنى نەۋرە ئاچامنىڭ چېچىغا سۈركەپ قويدى. كېيىن نەۋرە ئاچامنىڭ چېچىنىڭ بەك پارقىراق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ۋاقىتتا مەن بۇلارنى مازاق (زاڭلىق) قىلىپ كۈلگەنىدىم، كېيىن بىلسەم، جىگدە يېلىمى ھەقىقەتەن چاچقا پايدىلىقكەن.

ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى ئەزەلدىن چاچلىرىنى ئاسراشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلار جىگدە يېلىمىدىن پايدىلىنىپ چاچلىرىنى ئاسراپ كەلگەن. ئانىلىرىمىز چاچنى قويۇق ۋە قارا چىقىرىش ئۈچۈن، بادام مېغىزى ۋە شاپتۇل مېغىزىنى چالا كۆيدۈرۈپ، چېچىغا سۈرۈپ بەرگەن. چاچنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈش ئۈچۈن زەيتۇن يېغىنى سۈرگەن. چاچنى پارقىرىتىش، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تومۇلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن جىگدە يېلىمى چاپقان. شۇنداق قىلىپ «جىگدە يېلىمى» ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي «چاچ مېيى»غا ئايلانغان. جىگدە يېلىمى بىلەن چاچ يۇيۇشمۇ يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەرداز قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. جىگدە يېلىمى جىگدە دەرەخ غولىدىن قايناپ چىقىدىغان بىر خىل شىلىمشىقسىمان ماددا بولۇپ، رەڭگى دېۋىرقايغا

ئوخشاش سېرىق، پارقىراق كېلىدۇ. ئۇ يېپىشقاق، پارقىراق بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ بىلەن چاچ يۇغاندا چاچتىكى كىرلار تولۇق چىققاندىن باشقا، چاچنىڭ پارقىراقلىقىنى ئاشۇرۇپ، چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز جىگدە يېلىمى بىلەن چاچ يۇيۇش ئادىتىنى ئويلاپ تېپىپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. گۈزەللىك سۆيەر ئۇيغۇر ئاياللىرىمىز جىگدە يېلىمىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان چاچقا پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۇنى چېچىغا چېپىپ ئادەتلەنگەن. جىگدە يېلىمىنى چاچقا چېپىپ بەرسە، چاچنى پاخپايتماي، يېپىشتۇرۇپ پارقىراق كۆرسىتىدۇ. چاچقا بىر قېتىم يېلىم چاپسا، چاچنىڭ شۇ ھالىتى بىر ھەپتىگىچە ساقلىنىدۇ، يۇيۇپ-تارىغاندىمۇ چاچنىڭ چىگىچى ئاسان چىقىپ، چاچ ئاسانلىقچە سۇنۇپ-ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ ۋە باش قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، جىگدە قارامتۇل جىگەر رەڭدە، يوپۇرمىقى كۈمۈش رەڭدە بولۇپ يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. چېچىكى سۇس سېرىق رەڭلىك بولۇپ خۇشبۇي پۇرايدۇ. جىگدە مېۋىسى ئېللىپس شەكىللىك، تۇخۇم شەكىللىك بولىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى سېرىق، ئاپېلسىن پوستى رەڭلىك ۋە خورما رەڭلىك؛ تەمى تاتلىق، پوستى ئىچىدە ئاق رەڭلىك تالقانسىمان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ھالەتتىكى قارا يوللۇق، ئۇزۇنچاق ئۇرۇقى بولىدۇ. جىگدە مېۋىسىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلغاندا ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. جىگدە شاخلىرىدىكى شوخىسى بىلەن «يۇمۇرۇتقا»غا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى يارىلارنى تەشكەندە يەل كەلمەيدۇ؛ ھەر خىل تەمرەتكىگە شىپا قىلىدۇ؛ بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىشىنى ياخشىلاش؛ يۆتەل توختىتىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ جىگدە غولىدىكى يېلىمى بىلەن ئاياللار چاچنى قارا، پارقىراق، ئۇزۇن قىلىشتەك ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ۋە چاچنى ئاسراش مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋاھاكازالار.

## قاپاق ھەققىدە

تاغامنىڭ كۆزى ياشاڭغىراپ قاپتىكەن. مومام بىر قاپاقنىڭ ئاق چېچىكىنى كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، تاغامغا سۈت بىلەن قوشۇپ بەردى، ئۈچ-تۆت كۈنگە قالماي تاغامنىڭ كۆزى ساقىيىپ كەتتى.

قاپاق ــ كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئىچى كاۋاك ياكى بوش بولغان، ئۆسۈملۈك مېۋىسى.

قاپاق قەدىمدىن تارتىپ تۇرمۇشىمىزدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

كىشىلەر پېژغىرىم ئىسسىقلاردا قاپاققا سۇ قاچىلاپ ئېتىز-داللاردا ھەر خىل ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭدىن باشقا قاپاقنى تېرىپ ئۈنگەن 3-كۈندىن كېيىن (ئۈچ كۈنلۈك قاپاقنى) قاپاقنىڭ ئاق چېچىكى چىقىشقا باشلايدۇ. قاپاقنىڭ شۇ چاغدىكى مېۋىسىنى سۈتكە چىلاپ ئىچىپ بەرگەندە، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈشكە ئۈنۈمى بولىدۇ ھەمدە قاپاقنىڭ شۇ چاغدىكى مېۋىسىنى قوينىڭ گۆشى بىلەن ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە، سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى چۈشۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. قاپاق چوڭلاپ مېۋە بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى لەشنى قاينىتىپ ئىچىپ بەرگەندە تاتلىق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① روزىباقى ئابدۇۋاھت: «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكلەرنى تونۇش»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2012-يىلى 11-ئاي 1-نەشرى.

② ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش دەستۇرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2005-يىلى 11-ئاي 1-نەشرى.

③ تۇرغۇن ئۆمەر: «ئۇيغۇر تېبابىتى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2004-يىلى 2-ئاي 1-نەشرى.

④ ئابابەكرى راخمان: «كۆپ ئۇچرايدىغان تېرە كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006-يىلى 5-ئاي 1-نەشرى.

⑤ «شىنجاڭ جۇڭگى ئۆسۈملۈك دورىلىرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2012-يىلى 1-ئاي 2-نەشرى.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)



# ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم ۋە لەقەم چاقچاقلىرى

دۆلەت ئاقنىياز

ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئۇرۇق ۋە قەبىلە ناملىرىنى فامىلە ئورنىدا قوللانغان بولۇپ، ھەر بىر ئادەمگە خاس ئىسىم قويۇش كېيىن شەكىللەنگەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەبىلىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي توپتا ئادەم سانىنىڭ كۆپىيىشى، دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن تەدرىجىي پارچىلىنىپ بىر قانچە ئىجتىمائىي توپنى شەكىللەندۈرگەن. ھەرقايسى ئىجتىمائىي توپنىڭ مۇشۇ تەرزدە تەكرار پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە كىشىلەر ئارىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملار كۆپەيگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش ئادىتىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەبچە ئىسىملارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئوخشاش ئىسىملارمۇ كۆپەيگەن. ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇنداق ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ۋاستىسى بولۇپ قالغان.

لەقەم قويۇش ۋە لەقەم بىلەن چاقىرىش ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ «لەقەمسىز ئەر يوق، ئويماقسىز خوتۇن» دېگەندەك ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلار ئىچىدە باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئەمەلدار ياكى پۇقرا بولسۇن ھەممە ئادەمنىڭ لەقىمى بولۇپ كەلگەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىر ئايماق بىر يۇرت بىرلىكى قىلىنغاچقا

ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى يۇرتىغا قاراپ پەرقلەندۈرگەن، ئەگەر بىر يۇرتتىن بولغان بولسا لەقىمىنى سۈررۈشتۈرۈش ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەن. كونا جەمئىيەتتىكى ئەمەلدارلار ئۆشرە - زاكات، باج - سېلىق، ئالۋان - ياساق يىغىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسمى ياكى فامىلىسىنىڭ ئاخىرىغا لەقىمىنى قوشۇپ ئاتاشنى ئادەت قىلغان، ھەتتا بەزىلىرىگە كەمسىتىش، ھاقارەت مەنىسىدىكى لەقەملەرنى قويۇپ قويغان، نەتىجىدە لەقەم قويۇش، لەقىمى بىلەن چاقىرىش چەكلىمىسىز ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

لەقەم سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «لەقەب» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «باشقا ئىسمى، باشقا ئېتى، باشقا نامى» دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك، كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، تەققى - تۇرقى، ئىش - ھەرىكىتى ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى بىرەر بەلگىلىسىگە ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان نام لەقەم دەپ ئاتىلىدۇ.

لەقەملەرنىڭ كۆپىنچىسى جەمئىيەتتىكى يۈز - ئابرۇيلۇق، كۆزىتىشكە ماھىر، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا باي، كىشىلەر تەرىپىدىن ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى، روھىي ھالىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدىكى ئىپادىلىرىگە ئاساسەن ماسلاشتۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ «ھەر بىر لەقەم ئىگىسىگە ئۆلچەپ تىككەن كىيىمدەك، كىمنىڭ خۇيى لەقىمىگە چاپلاشماپتۇ يېلىمدەك» دېگەندەك بارا - بارا شۇ كىشىگە سىڭىپ، ئۇنىڭدىن جەمەتىگە ئۆزلۈشۈپ جەمەت قانداشلىقىنى ئاساس قىلغان ئاساستا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس تەرەقسىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. دېمەك، لەقەم بىر جەمەتنىڭ ئورتاق بەلگىسىدۇر.

**1. كىشىلەرنىڭ تەققى - تۇرقى، جىسمانىي ئەيىبلىرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر:**

مەسىلەن، تاز، قارىغۇ، چاپاق، جىرتاق، پۇچۇق، كالچۇك، كېكەچ، گاچا، قىڭغىر، پۇچاق، قارا (قاراۋاي)، سېرىق، چوقۇر، ھىڭگالڭ، چولاق، توكۇر، مايماق، كۇسا، سوقا، غىلڭ - غىلڭ، خىر - خىر، پاكار، دوڭغاق، دۇمچەك دۇگدۇك، سارالڭ، كالۋا...

**2. كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، روھىي ھالىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر:**

مەسىلەن: جېدەلخورلارغا «جودا»، گېپىدە تۇرمايدىغانلارغا «قانجۇق»، گېپىنىڭ تۇتامى يوق كىشىلەرگە «يۇملاق تاۋۇز» كۆرگەننى كۆرمىدىم دېگۈچىلەرگە «مۈشۈك»، ئۇششاق گەپ قىلىدىغانلارغا «زىغىر»، ھىيلىگەر كىشىلەرگە «تۈلكە»، «نۇقتا»، «قاپقان»، گەپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلارغا «تەتۈر (قالماق)، تېرىككەك كىشىلەرگە «تەرسا»، گەپ - سۆزى قوپال كىشىلەرگە «تولڭ»، يوغان گەپ قىلىدىغانلارغا «پو»، خوتۇنىدىن قورقىدىغانلارغا «ئەنجان پاختىكى»، دېگەندەك لەقەملەر قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا كاناي، بوران، كاشال، كاسكى، كوت - كوت، سەپرا، بۇقا، توپاق، موزاي، تەخەي، ھاڭگا، چۈنش، تېكە، چاشقان، سا، قاغا، كۆكنەك، توغاي، ھۆپۈپ، قۇشقاچ، خوراز، مېكيان، چۈجە... قاتارلىق ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭناملىرى؛ چارا، توقماق، كىگىز، پالاز، تاغار، خۇرجۇن، پەش، قارىياغاچ، كوڭتەي، پوتەي، چوماق، كاۋا، غورا، جىگدە، پوكان (تولڭ ئۇجمە)... قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەر ۋە يەل - يېمىش ناملىرى؛ پولۇ، پوشكال، قۇيماق، كۆمەچ، ئۇماچ، يۇمدان، زالڭ، چۆچۈرە... قاتارلىق تاماق ناملىرى بىلەن لەقەم قويۇش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ تۇرمۇشتا بۇنىڭغا دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

3. بەزى ھۈنەر كەسىپ ناملىرى، بىر قىسىم شەخسلەرگە خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن نام - ئاتاقلار شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ھۆرمەت مەنىسىدە (لەقەم ئورنىدا) قوللىنىلغان.

مەسىلەن، قادىر تامچى، تۇنىياز ياغاچچى، مۆمىن تۆمۈرچى، ئاۋۇت زەگەر، توختى مىسكەر، ھوشۇر قازانچى، سىدىق موزدۇز، ھادى باپكا، مەتنىياز بوياقچى، ئاقنىياز هارۋىكەش، يۇسۇپ ناۋاي، ئەمەت ئاشپەز، نۇرەك قاسساپ، مەۋلان لەڭپۇڭ، مامۇت قوغۇنچە، ھەسەن باققال، ئىمامنىياز راۋاب، ھەمەر غېجەك، مۇھەممەد تەمبۇر، ئىلھام دۇتار، مامۇر پەرەڭ (كۆزى كۆرگەننىلا قىلالايدىغان ئادەم)، سادىر پالۋان، سېيىت نوچى، غېنى باتۇر، روزەك باشى.. دېگەنگە ئوخشاش.

**4. بەزى ئەمەل - مەرتىۋە، ۋەزىپە ۋە غەيرىي**

**كەسىپ نامىلىرىمۇ يۇقىرىغا ئوخشاش شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ لەقەم ئورنىدا قوللىنىلغان.**

مەسىلەن، دوتەي، ئامبال، شائيۇ، بەگ، بوجاڭ (باۋجاڭ)، توپ بېگى، يۈز بېگى، دورغا، كۆكبېشى، مىراپ، خانتو، دۇگان، قازى، مۇپتى، ئەلەم، خاتىپ، ھاجى، ئىمام، مەزىن، قارى، پاششاپ، ئىشان، سوپى، موللا، باخشى، شەيخ... دېگەندەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل ھۈنەر كەسىپ، ئەمەل - مەرتىۋە، غەيرىي كەسىپ نامىلىرى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ شۇ كىشىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئاخىرلاشقان. مۇبادا شۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى ھۈنەر كەسىپ، ئەمەل - مەرتىۋىگە بىر نەچچە ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلسىمۇ ۋارىسلىق ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىنلا يەنە ئۇلارنىڭ جەمەت لەقىمى داۋاملاشقان. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، ھۈنەر كەسىپ، ئەمەل - مەرتىۋە نامىلىرىمۇ ئوخشاپ قالسا يەنىلا ئۇلارنى لەقىمى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەن.



**5. جەمەت لەقىمى ئەر تەرەپنىڭ لەقىمى بىلەن داۋاملىشىمۇ بەزىدە ئاياللارغا لەقەم قويۇش ئادىتى ساقلىنىپ كەلگەن.**

مەسىلەن، يوغان مايسىخان، گۈلسۇمخان سەتەڭ، سېلىمخان قوچاق، تىللاخان لۈكچەك، ھوشۇرخان قاسماق، نىسا بارماق، پاتەمخان ۋات - ۋات... دېگەندەك. بۇنداق لەقەملەر شۇ ئايالغىلا خاس بولۇپ ئەرلەرنىڭ لەقىمىدەك مىراس تەرىقىسىدە داۋاملاشمايدۇ. چۈنكى قىزلار ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىنلا ئەر تەرەپنىڭ لەقىمىگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ، پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا تەرەپنىڭ لەقىمىنى ئاساس قىلىدۇ.

**6. ئەمەلدارلارنىمۇ لەقىمى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەن.**

مەسىلەن، كونا جەمئىيەتتە مەلۇم بىر يېزىدا مەمتاۋلا ئىسىملىك بەگدىن ئۈچى بولۇپ ئۇلارنى كىشىلەر «تاز مەمتاۋلا بەگ»، «چاڭگا مەمتاۋلا بەگ»، «غاز مەمتاۋلا بەگ» دەپ لەقىمى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەن. يەنە بىر يۇرتتا مەتنىياز ئىسىملىك بەگدىن ئىككىسى بولۇپ ئۇلارنى كىشىلەر «گاس مەتنىياز بەگ»، «بەز مەتنىياز بەگ» دەپ لەقىمى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەن. دېمەك، يۇقىرىلارمۇ ئوخشاش ئىسىملىك ئەمەلدار، بەگلەرنى ئاتا مىراس لەقىمى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەن.

**7. بەزى كۆچمەنلەرگە ئەسلى يۇرتىنىڭ نامىنى لەقەم ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.**

مەسىلەن، روزى خوتەنى، ئەركىن ئاتۇش، مۇھەممەد ئاقسۇ، توختى كەلپىن... دېگەندەك. مۇنداق يەر - جاي نامىلىرى لەقەم ئورنىدا قوللىنىلسىمۇ لەقەمگە ئوخشاش ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشى ناتايىن. چۈنكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى لەقەملىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىۋېلىشىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تەققى - تۇرقى، مىجەز - خۇلقى، خۇي - پەيلىگە قاراپ باشقا لەقەملەرنى قويۇپ قويۇشى مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا، جەمەت لەقەملىرى قانداشلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا تۇراقلىق بولۇپ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشى مۇمكىن. ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كېتىشى ياكى باشقا لەقەملەرگە ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما بىر ئادەم نەگىلا

بارسۇن لەقەمسىز ياشيالمايدۇ. لەقەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىپ كەتسىمۇ بارغان يېرىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ لەقىمىنى تاپالمىغان تەقدىردە يېڭى لەقەم ئاتا قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، باشقا يۇرتتىن كۆچۈپ كەلگەن ئىبراھىم ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر تۈپ قارىياغاچ بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ لەقىمىنى بىلمىگەچكە «ئىبراھىم قارىياغاچ» دەپ لەقەم قويۇپتۇ، بۇنىڭدىن تېرىككەن ئىبراھىم قارىياغاچنى تۈۋىدىن كېسىۋېتىپتۇ. قارىياغاچنىڭ كۆتىكىلا قالغاچقا كىشىلەر يەنە «ئىبراھىم كۆتەك» دەپ لەقەم قويۇۋاپتۇ. ئىبراھىم ئاچچىقىدا كۆتەكنى يىلتىزىدىن كولاپ قومۇرۇۋاتقانىكەن، يوغان بىر ئازگال پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر «ئىبراھىم گودالڭ» دەيدىغان بوپتۇ. ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن ئىبراھىم مىڭ مۇشەققەتتە توپا توشۇپ بۇ ئازگالنى تىندۇرۇۋېتىپتۇ، ئەمدى كىشىلەر يەنە ئۇنى «ئىبراھىم تىندۇرما» دەپ ئاتاشقا باشلاپتۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن قويۇلغان بۇ لەقەملەردىن قۇتۇلالمىغان ئىبراھىم كۆپچىلىككە يالۋۇرۇپ يىغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىبراھىم يىغلاڭغۇ» دېگەن لەقەم پەيدا بوپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ئىبراھىم خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ يىراق بىر يۇرتقا كۆچۈپ بارغىنىكەن، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى «ئىبراھىم كۆچمەن» دەپ ئاتاپتۇ، جەمئىيەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئاز ئەمەس.

**8. تەخەللۇسمۇ ھۆرمەت مەنىسىدە لەقەم ئورنىدا قوللىنىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.**

«تەخەللۇس» دېگەن سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى ‹قۇتۇلماق، ئازاد بولماق، ئايرىلماق، يۆتكەلمەك› دېگەندىن ئىبارەت... دېمەك، «يازغۇچى، شائىر قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە قويۇۋالغان باشقىچە نامى ـــ ئەدەبىي لەقىمى تەخەللۇس دەپ ئاتىلىدۇ». تارىختا بىر قىسىم داڭلىق يازغۇچىلار، شائىرلار ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغان. ھازىرمۇ تۈرلۈك ئوبرازلىق ئاتالغۇلار بىلەن تەخەللۇس قوللىنىۋاتقانلار بار. بۇ خىل تەخەللۇسلارغا كىشىلەر ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئەمما لەقەم بىلەن تەخەللۇس (ئەدەبىي لەقەم)نىڭ روشەن پەرقى بار.

① لەقەم باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ، تەخەللۇسنى شۇ كىشى ئۆزى قويۇۋالىدۇ. ② لەقەمنىڭ قوللىنىش دائىرىسى كەڭ، تەخەللۇسنىڭ قوللىنىش دائىرىسى تار بولۇپ شۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ③ لەقەمنىڭ ئاممىۋى ئاساسى چوڭقۇر، مەنىسى جانلىق، كونكرېت، ئوبرازلىق، ھەم چۈشىنىشلىك. تەخەللۇسنى ھەممە ئادەم چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن ھەم لەقەمدەك جەمەت قانداشلىققا، ئۇزاق مۇددەتلىككە، ئومۇملۇققا ئىگە ئەمەس. ④ چاقچاقلاردا لەقەم چاقچاق ئوبيېكتى قىلىنىدۇ، ئەمما تەخەللۇس چاقچاق ئوبيېكتى قىلىنمايدۇ.

**9. لەقەم چاقچاقلىرى**

لەقەم، ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ۋاستىسى بولۇپلا قالماي، لەقەم تارتىشىپ چاقچاقلىشىشمۇ ئۇيغۇرلار مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، قىزىقچىلىق قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش رولىنى ئويناپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا كىشىلەر ئۆزى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يېقىن ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ لەقىمىنى يوشۇرىدۇ، ئەمما بىرەرسىنىڭ لەقىمىنى بىلمەكچى بولسا ھەتتا يۇرت ئاتلاپ سۈرۈشتۈرۈپ ھەر باب بىلەن ئۇنى تاپماي قويمايدۇ. (بەزىدە ھۈنەر كەسىپ ئەمەل ـ مەنسەپناملىرىمۇ چاقچاق ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ). لەقەم تارتىشىپ چاقچاقلىشىش ئادەتتە ئاساسەن مۇنداق بىر نەچچە خىل بولىدۇ: بىرسى، بىرگە بىر چاقچاقلىشىش، مەسىلەن، تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۈشۈك لەقەملىك كىشى تاز لەقەملىك كىشىگە دارتىپ: ئەجەپ بېشىم ئاغرىپ كەتتىيا ـ دەپتىكەن، تاز لەقەملىك كىشى دەرھال: بېشىڭىز ئاغرىپ كەتسە قىياق چايناڭ دەپتۇ. (ياز كۈنلىرى بەزىدە مۈشۈكنىڭ قىياق چاقنايدىغان ئادىتى بار، شۇڭا خەلق ئارىسىدا «مۈشۈكنىڭ بېشى ئاغرىسا قىياق چاينايدۇ» دېگەن تەمسىل بار)، يەنە بىر كۈنى كەچقۇرۇن قارىغۇ لەقەملىك كىشى يولدا كېتىۋېتىپ، چۈجە لەقەملىك كىشىنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە: بۇرادەر قونالغۇغا كەچ قاپتىلىغۇ ـ دەپتىكەن، چۈجە لەقەملىك كىشى: خاتىرجەم بولسىلا كەچ قالسامۇ قونىدىغان يەرنى تاپالايمەن ،ـــ دەپتۇ.

بىر نەچچەيلەن پولۇ يەۋېتىپ، بىرسى خوراز لەقەملىك كىشىگە دارىتىپ: ئاغىنىلەر، چاچماي يەڭلار جۇمۇ، ــ دەپتىكەن، خوراز لەقەملىك كىشى: ھېچقىسى يوق، چېچىلىپ كەتكىنىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، ــ دەپتۇ. قۇشقاچ لەقەملىك كىشى دەرھال: ماڭا ئاشمايدىكەندە، ــ دەپتۇ.

بىر نەچچەيلەن ئۈجمە يېگىلى بېرىپتۇ. بىرەيلەن پوكان (تولۇق ئۈجمە) لەقەملىك كىشىگە دارىتىپ: بۇ ئۈجمە تېخى پىشماپتىغۇ، ــ دەپتىكەن، پوكان لەقەملىك كىشى ئۇنىڭ لەقىمىنى بىلمىگەچكە كۆمەچ لەقەملىك كىشىگە دارىتىپ: ئوتقا كۆمسەك پىشىدۇ، ــ دەپتۇ. كۆمەچ لەقەملىك كىشىمۇ: ئوتقا كۆممەي ياغقا سالساق ئاسان پىشىدۇ، ــ دەپ چاقچاقنى قۇيماق لەقەملىك كىشىگە يۆتكەپتۇ. لەقەم چاقچاقلىرى جەريانىدا چاقچىقنى يۆتكەش ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ كوللېكتىپ سورۇنلاردا چاقچاق بىرلا ئادەمگە مەركەزلىشىپ قېلىپ ئۇنى ئوساللاشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سورۇن كەيپىياتىنى كۆڭۈللۈك داۋاملاشتۇرۇشقا پايدىلىق. لەقەم چاقچاقلىرى قولۇم ـ قوشنىلار، تەڭتۇشلار، ئەل ـ ئاغىنىلەر، تونۇش ـ بىلىشلەر ئارىسىدا بولىدۇ. چاقچاقلاشقاندا لەقەم بىلەن چاقچاق قىلىشقانلارنىڭ لەقىمىنى بىلمەيدىغانلار ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشۋاتقانلىقىنى ئۇقمىغدەك دەرىجىدە يوشۇرۇن، يۇمۇرىستىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆزىدىن كىچىك ۋە ئۆزىدىن چوڭلارغا ئاساسەن چاقچاق قىلمايدۇ، تېرىكمەيدۇ. چاقچاق قايتۇرالمىسا «كەلدى» «ھېساب» دەپ يېڭىلگىنىگە تەن بېرىدۇ. تېرىكسە ياكى ئەزۋەيلەپ تۇرۇۋالسا نامەرد ھېسابلىنىپ مەسخىرىگە قالىدۇ. كوللېكتىپ سورۇنلاردا چاقچاقنى بىر ئادەمگە مەركەزلەشتۇرۇپ ئوساللاشتۇرۇپ قويۇش، ئازار بېرىشنى ئەيىبلەيدۇ.

لەقەم چاقچاقلىرى يەنە كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ زالىم ئەمەلدارلارغا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، بىر يۇرتتا مۇسا بەگ ئىسىملىك مىراپ بولۇپ، لەقىمى «تاز» ئىكەن. ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويغان خەلق: «مۇسا بېگىم مىراپ تۇرسا، يېقىن كەلسە كاللىسى بۇراپ تۇرسا. ھېچ گۇناھنىڭ تايىنى يوق، قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ تۇرسا» دەپ قوشاق توقۇپتۇ. ھېكىم بەگ دېگەن بىرسىنىڭ لەقىمى «پاشا» ئىكەن. خەلق ئۇنىڭغا دارىتىپ: «پاشا كېتىپتۇ غىڭشىپ، مەن بېرىپتىمەن لىڭشىپ. پاشا شامالدا قاپشىپتۇ، بىرنى قويسام چاپلىشىپتۇ. پاشىغا بولدى ئىنزا، بىز بولمىساق پاشىغا نەدە غىزا!» دەپ قوشاق توقۇپتۇ. لەقەم قويۇش، لەقەم بىلەن چاقچاقلىشىش تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ يەنە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن لەقەم ئەينى ۋاقىتتا ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، لەقەم ئارقىلىق بىرەر كىشىنىڭ ئەجدادىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىشتە مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ بۈگۈنكى دەۋردە شەخسلەرنىڭ ئادرېسى ئىشىك نومۇرىغىچە ئېنىق، ھەممە ئادەمنىڭ كىملىكى بار، ئۇچۇر ـ ئالاقىنىڭ راۋانلىششى نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت ئىشى ياكى شەخسىي ئىش بولسۇن كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى سۈرۈشتۈرمەيمۇ ئالاقىلەشكىلى بولىدۇ. شۇڭا لەقەم قويۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ شەھەرلەرگە مەركەزلىشىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە رايون ھالقىغان كارخانا ـ تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە بەزىلەرنىڭ لەقىمى ئۇنتۇلۇپ، بەزىلەر لەقىمىنى يوشۇردى ياكى ئۇنتۇپ كەتتى... شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**ئىزاھات:**

(1) پارچە تاش ــ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بۇرۇنقى توسمىنىڭ نامى

(2) قاۋان ــ ياۋا چوشقىنىڭ ئەركىكى

(3) شىشە ــ خام ياكى ماتا

**پايدىلانغان مەنبەئەلەر:**

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر، بارى ئەبەيدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ نەشرى، يۇسۇپجان مۇھەممەد تۇغيان «ئاۋاتلىقلارنىڭ لەقەم ئادىتى توغرىسىدا» «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى تۆت».

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پېنسيونېرى)




يار بار چاغدا ياخشىدۇق،
يار كېتىپ يامان بولدۇق.
يار ئۆتى يامان ئىكەن،
سارغىيىپ سامان بولدۇق.

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
يارىم سېنىڭ چاڭزاڭنى①.
ئاۋازىڭنى ئاڭلايمەن،
كۆرەلمەيمەن ياڭزاڭنى②.

ھويلاڭدىكى باراڭغا،
قاراپ باقسام ئۈزۈم يوق.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

سايە بەرمەيدۇ دەرەخ،
شاخنى كەسكەندىن كېيىن.
يار چىللىسا كەلمەس،
كۆڭلى قالغاندىن كېيىن.

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈم مەن،
يورغىلىتىپ ئېتىمنى.
مەيلىڭ بولسا چىقمامسەن،
پۇلاڭلىتىپ چېچىڭنى.

مەنمۇ تارتتىم دەردىڭنى،
سەنمۇ تارتتىڭ دەردىمنى.
ئايرىلغاندا بىلىندى،
بىلمەپتىمەن قەدرىڭنى.

بۇ بۇلاق تېرەن بۇلاق،
سۈيى تاتلىق چىم بۇلاق.
يېڭى ياچە يار تۇتسام،
تولۇن ئايدەك يۇملاق.

ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
يېڭى ئاچقان بۇلاققا.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەجەب قالدىم پىراققا.

بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
سۇ قۇيماي قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنتۇمايمەن،
سەن مېنى ئۇنتۇدۇڭمۇ.

ئىشىك ئالدى چوڭ ئۆستەڭ،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن.
يار ئۆتى يامان ئىكەن،
تاشلاپ قانداق كېتەرمەن.

باغ كەينىدىن ئۆتكۈچە،
چۈشۈپ قاپتۇ ياغلىقىم.
كۈتكۈنۈمدە چىقمىدىڭ،
چىرايلىقىم، ئامرىقىم.

مەن دەردىڭدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.
ئۆزۈڭ بىلسەڭ يارىم،
بۇ دەردكە نېمە چارە.

سايدا ئۆسكەن ساي دەرەخنىڭ،
سايىسى بولمايدىكەن.
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
دارىسى بولمايدىكەن.

چوڭ ئۆستەڭگە نو③ قويدۇم،
ئېرىقلارغا گۈلدۈرمە④.
ھەرقانچە ئەلەم قىلسا،
دۈشمەنگە بىلدۈرمە.

باردىم دەريا كەچكىلى،
ئولتۇردۇم سۇ ئىچكىلى.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
قاناتىم يوق ئۇچقىلى.

چىچاڭخۇ⑤دىن ئەپ كەلدۇق،
قالايدىغان كۆمۈرنى.
يارنى كۆرمەي ئۆتكۈزدۇق،
ئون بەش كۈنلۈك ئۆمۈرنى.

ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم مەن،
كۆيۈپ قالدى دېدىڭمۇ؟
ھەپتە ئون كۈن كەلمىسەم،
ئۆلۈپ قالدى دېدىڭمۇ؟

بىگۇپالىقنى سەن قىلدىڭ،
مېنى قىلمايدۇ دېمە.
نېمە كويدا يۈرۈيسەن،
مېنى تۇيمايدۇ دېمە.

ئانارگۈلى گۈل بولامدۇ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
تەلمۈرۈپ تۇرغان بىلەن.

قىزىم، قىزىم قىز كىشى،
قىزىمغا كېلىدۇ ملڭ كىشى.
ملڭ كىشىنىڭ ئىچىدىن،
كېلىپ كېتۇر بىر كىشى.

ئاقساراي بولغان بىلەن،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ،
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

مەن ئۆزۈم تۇرپاندا مەن،
بارۇرمەن ئاستانىغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
ئامرىقىم مەستانىغا.

تال كۆكەردى مايسا بولدى،
قول سېلىپ كەلسەڭچۇ يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
ھال سوراپ كەلسەڭچۇ يار.

چىلان كۆتۈكى نەدە،
چىلان كولىغان يەردە.
بىزنىڭ قاراقاش نەدە،
مەيلى خالىغان يەردە.

ئىشقى ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ،
كۆيدۈردۈڭ مېنى.
جىلۋە قىلىپ، قاش ئويۇتۇپ،
ئۆلتۈردۈڭ مېنى.

---

ئىزاھاتلار:
① جاڭزاڭنى — قورۇ-جاي.
② ياڭزا — سۇمباتى چىراي شەكلى.
③ نو — قوش مەنىدە.
④ گۈلدۈرمە — شارقىراتما.
⑤ چىچاڭخۇ — جاي ئىسمى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇردى روزى
توپلىغۇچى: ئۆمەر لىتىپ، ئەر، ئۇيغۇر، 40 ياش، ئالىي تېخنىكوم، تۇرپان شەھەر، قاراغوجا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.
«تۇرپان شەھەر خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى

# كۆك (بېدە)نىڭ شىپالىق رولى









**راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى**

كۆك (بېدە) سامان غوللۇق، كۆپ يىللىق تەكرار هوسۇللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، شورغا، زەيگە، ئۇسسۇزلۇققا، ناچار مۇهىتقا چىدامچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ياۋا هالىتىنى هازىرقى تېرىپ ئۆستۈرۈش هالىتىگە كەلتۈرگەن بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق بۇرۇنقى بىر پەسىللا ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان هالەتكە خاتىمە بېرىپ، تۆت پەسىلنىڭ هەممىسىدە ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان هالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، بايلىق مەنبەسىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇهىتنى قوغداشتىن ئىبارەت يۈكسەك بىرلىككە ئىگە بولغان، ئىلمىيلىشىش، تاۋارلىشىش، كەسپلىشىش بىر گەۋدىلەشكەن كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى.

**كۆك (بېدە)نىڭ شىپالىق رولى**

كۆك (بېدە)نىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن AB، C5، E3 لار مول بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە هۆل ئىسسىق دەپ قارىلىدۇ، ئەتىياز پەسلىدە قۇرۇق ئىسسىق تۇپەيلىدىن بەدەن ئېغىرلاشقان، قېنى بۇزۇلغان كىشىلەر ئىستېمال قىلىپ بەرسە مىجەزى تەڭشىلىپ، ئىچى يۇمشايدۇ.

كۆك تەركىبىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا لىكوپېنمۇ مول بولۇپ، لىكوپېن ئۈنۈمى ئالاهىدە يۇقىرى بولغان ئوكسىدلىنىشقا قارشى ئاگېنت بولۇش سۈپىتى بىلەن بەدەندىكى هۈجەيرىلەرنى زىيانغا ئۇچراشتىن ساقلايدۇ.

يېڭى كۆك (بېدە) قان كۆپەيتىش، قان تەركىبىدىكى مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە. كۆك (بېدە) پۇت-قول تىترەش، پۇت-قول سىرقىراش كېسەللىكىمۇ پايدا قىلىدۇ. كۆك (بېدە)نى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ئادەمنىڭ يۈزى نۇرلىنىدۇ، تېرىسىنى پارقىراق قىلىدۇ، قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قورۇقنى يوقىتىدۇ.

قان بۇزۇلۇش سەۋەبى بىلەن قىچىشقاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار يېڭى كۆك (بېدە)نى سوقۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ سۈركەپ بەرسە قىچىشىش توختايدۇ، ئۇنىڭ تىندۇرۇلغان سۈيى بىلەن بۇۋاسىرنى يۇيۇپ بەرسە، قان توختايدۇ. ئۇ قورساقتىكى قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان يەلنىمۇ ھەيدەيدۇ.

يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كۆك (بېدە)نىڭ تەركىبىدە شىلىمشىق ئاقسىل، ۋىتامىن، مىكرو ئېلېمېنتلار مول بولۇپ، قاندىكى ماينىڭ قان تومۇر دىۋارىدا تىنىپ قېلىشىنى توسۇپ، يۈرەك قان تومۇر كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ، كۆك (بېدە) تەركىبىدىكى كۆپ فېنوللۇق ئوكسىدلىغۇچى ئېنزىم قاتارلىق ماددىلار تال، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ، كۆك (بېدە) كىلىنىكىدا تال، ئاشقازان ئاجىزلىق، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، بەدەن ماغدۇرسىزلىنىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، كۆك (بېدە) تەركىبىدىكى ساپونىن ۋە شىلىمشىق ماددىنىڭ سىلىقلاش، قۇۋۋەتلەش رولى بار بولۇپ، ئۆپكە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۆپكە ئاجىزلىق، بەلغەملىك يۆتەل، كونا يۆتەلگە شىپا قىلىدۇ.

كۆك (بېدە) قاندىكى قەنتنى تۆۋەنلىتىدۇ، كۆك (بېدە)دە قاندىكى قەنتنى تۆۋەنلىتىش رولى بار شىلىمشىق ئاقسىل مول بولۇپ، باشقا كۆكتاتلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، تاماقنى زىيادە كۆپ يېيىش سەۋەبلىك قاندىكى قەنتنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئوزۇق مۇددەت ئىستېمال قىلىنسا دىيابېت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

كۆك (بېدە) مۇرابباسى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ياشانغانلار، ئاشقازان، ئۈچەيدە يەل بار كىشىلەرنىڭ يېلىنى ھەيدەپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا چاچ چۈشۈش، چاچقا بالدۇر ئاق كىرىش ۋە بالدۇر قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

كۆك (بېدە) مۇرابباسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى: كۆك (بېدە) ئۈچ پەسلىنىڭ ھەممىسىدە كۆكىرىپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، خام ئەشياسىنى تەييارلاش ئوڭاي، شۇڭا كۆك (بېدە)نىڭ ئۈچىدىن يېرىم كىلو ئۈزۈپ، سايە يەردە قۇرۇتقاندىن كېيىن، يۇمشاق سوقۇپ، مەلۇم مىقداردىكى سۇدا سۇ ئاز قالغۇچە قاينىتىش، ئاندىن كۆپۈكىنى سۈزۈۋەتكەندىن كېيىن بىر يېرىم كىلو ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. كۆك (بېدە) مۇرابباسىنى ھەر كۈنى تاماقتىن بۇرۇن، ھەر قېتىمدا بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىپ بەرسە بولىدۇ.

**كۆك (بېدە)نىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى**

كۆك (بېدە) ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان دورىلىق قىممەتكە ئىگە بولغاچقا ئۇنى خەلقىمىز ھاياتلىق، يېشىللىقنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «نوۋرۇز بايرىمى»، تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە «قۇمۇل مەشرىپى» قاتارلىقلاردىمۇ «كۆك» تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئىنتىپاقلىق قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ھاياتلىقنى قەدىرلەپ، ئېجىل-ئىناق ئۆتۈشنى تەكىتلىگەن. «نوۋرۇز ئېشى»نىڭ بىرىنچى خام ئەشياسى «كۆك بېدە» بولۇپ، «قۇمۇل كۆك مەشرىپى»دە ئېيتىلغان ھەممە بېيىتلاردا «كۆك» ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

ئومۇمەن ئالغاندا كۆك خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، تېبابەت، يېمەك-ئىچمەك، ئۆرپ-ئادەت، ئېستېتىك ئاڭ، مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن ۋە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

**كۆك (بېدە)نىڭ داستىخان مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى**

كۆك (بېدە)نىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى، كۆك بىلەن ئېتىلگەن تائاملارنىڭ تەمىنىڭ تاتلىق، مەززىلىك بولۇشى... ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خەلقىمىز ئۇنى قەدىرلەپ ئىستېمال قىلىدۇ، كۆك (بېدە)ى بار كىشىلەر كۆك (بېدە) تېرىمىغان قولۇم-قوشنىلارغا، شەھەردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا سوۋغا قىلىدۇ. ئائىلىلىرىگە ئەزىز مېھمانلار كەلسە ئالدىغا كۆك (بېدە) بىلەن ئېتىلگەن تائاملارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ مىللىتىمىزدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان، كۆك (بېدە) بىلەن قىلىنغان تائاملار داستىخاندىن ئورۇن ئېلىشتىن سىرت، شەھەرلەردىكى ئاشخانا، تېز تاماقخانا، رېستورانلاردىمۇ ئىستېمالچىلار ئىزدەپ سوراپ ئىستېمال قىلىدىغان تىزىملىكىدىن ئورۇن ئېلىپ، خېلى كۆپ ئاشخانا، تېز تاماقخانا، رېستورانلار كۆزگە كۆرۈنىدىغان جايىغا «كۆك چۆچۈرىسى بار» دەپ يېزىپ قويۇپ، خېرىدار جەلپ قىلىدىغان بولدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسى)

2016.2



# ئۇيغۇر دېھقانچىلىق ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدە

گۈلھايا تۇرسۇن ئۇدمىش

تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ يىغىم-تېرىم ئىشلىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، يىغىم-تېرىم ئىشلىرىنىڭ شەكلى كۆپ، مەدەنىيەت قاتلىمى چوڭقۇر بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىم-تېرىم ئىشلىرى دېگەندە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، شۇنىڭدەك بۇ جەرياندىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھەر خىل پائالىيەتلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يىغىم-تېرىم ئىشلىرىدا دېھقانچىلىق سايمانلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن يىغىم-تېرىمغا قارىغاندا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى بوقۇسا، ساپان، تىرنا، سۆرەم، كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، ئارا، غەلۋىر، ئۆتكەمە، بويۇنتۇق، تۇلۇق، ھارۋا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

11-ئەسىردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر دانلىق زىرائەتلەرنى قەدىمدىن تارتىپ بىلىدىغانلىقى مەلۇم، شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرىي 11-ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ زىرائەتچىلىكى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتلارغا قاراپمۇ ھۆكۈم قىلالايمىز. چۈنكى 11-ئەسىر

دىكى تەرەققىيات جۇملىدىن «دىۋان»دا كۆرۈپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى قەدىمدىن بېرى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. تۆۋەندە «دىۋان»دىكى تېرىمچىلىققا ئائىت ئادەتلەر ھەققىدە ئورتاقلىشايلى:

بىرىنچى، تارلا (ئېتىز): ھازىر زىرائەت تېرىلىدىغان يەر دېگەن مەنىدە ئىشلىتىۋاتقان «تارلا» دېگەن سۆز 11- ئەسىردە «تارىغلاغ» دېيىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، تارىغلاغ دانلىق زىرائەت ۋە ئاشلىق، يەنى «تارىغ» تېرىلىدىغان يەر، دېگەن مەنىنى بېرەتتى. «دىۋان»دا يەنە ئېتىزنى، ئومۇمەن دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەرنى ئوغۇزلار «ئەركىن» دەيدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىسىمنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالمىغان، ئۇنى ئوغۇزلارنىڭ بىر بۆلىكى ئىشلەتكەن بولسا كېرەك.

ئېتىزلارنىڭ نېمە بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى، يەنى بۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم بىر ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ بار-يوقلۇقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلەيمىز. «دىۋان»دا بۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك «بىر ئەركىم يەر» دېگەن سۆزلا ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز بىر قېتىمدا تېرىلىپ بولىدىغان يەر دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مىقدارى كۆرسىتىلمەيدۇ.

ئىككىنچى، ئوغۇتلاش: 11- ئەسىردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېتىزنى ھەيدەشتىن بۇرۇن ئوغۇتلايدىغانلىقىنى «دىۋان»دىن بىلەلەيمىز. ئوغۇت ۋە ئوغۇتلاش ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئېتىزلار ھايۋانلارنىڭ قىغى بىلەن ئوغۇتلىناتتى دېيەلەيمىز. ئۇلار يەرنى كۆچەيتىدىغان ۋە يۇمشىتىدىغان ئوغۇتنى «قىغ» يەرنى ئوغۇتلاشنى «قىغلاماق» دەيتتى.

ئۈچىنچى، ئېتىزنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىشى: ئېتىزنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ھازىرقىدەكلا ساپان بىلەن بولاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا «ساپان» دېگەن بۇ سۆز ھەم ساپاننى، ھەم دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىپادە قىلاتتى، شۇنداقلا ئۇ يەنە دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرەتتى. ئېتىزلارنى ھەيدەش «ساپانلانماق» دېيىلەتتى. لېكىن «دىۋان»دا يەرنى ھەيدەش دېگەن مەنىدە باشقا سۆز ئىشلىتىلگەنلىكىنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇلاردىن بىرى «يەر ئاقتارماق» ئىدى. كىشىلەر يەرلىرىنى ئوڭشاي تېرىش ئۈچۈن ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن يەرلەرنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، سۇغىرىدىغان ئېرىقلارنى ئېلىپ، قىرلارنى ياسايتتى. «يەر ئەتىزلەمەك» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىش توغرىسىدا يەرلەرنى «سۇغىرىش» دېگەن ماۋزۇدا توختىلىمىز.

يەرنى ئاغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ساپاننىڭ ئۈچىدىكى تۆمۈر «تىش» ۋە «بوقۇرسى» دېيىلەتتى. ساپانغا ئۇلاغلارنى قوشقاندا ھازىرقىدەك «بويۇنتۇرۇق» ئىشلىتىلەتتى. ئۇلاغنى ھارۋىغا ياكى سۆرەمگە قوشقاندىمۇ، ساپانغا قوشقاندىمۇ ئوخشاشلا ئۇلاغنى ساپاننىڭ ئوقىغا باغلاش ئۈچۈن ياخشى ئۆرۈلگەن ۋە «يىشغ» دەپ ئاتىلىدىغان قېيىش-تاسما ئىشلىتىلەتتى. «دىۋان»دا يەنى «ئاماچ» سۆزى كۆرۈلىدۇ. بۇ سۆزمۇ «تېرىلغۇ ئۈيى» ياكى «تېرىلغۇ قورالى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

يەر ئوغۇتلىنىپ، ھەيدىلىپ بولغاندىن كېيىن زىرائەت تېرىش ئىشى باشلىناتتى. بۇ ئىشنى «تارىغ» سۆزىدىن ئېلىپ «تارىغ تارىماق» ۋە «تارىغ ئەكمەك» دېيىشەتتى. لېكىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى قايسى تۈرك ئەللىرى ئىشلىتىدىغانلىقى، يەنى «دىۋان»دا بۇ ھەقتە يېزىلغان بايانلارغا قارىغاندا بۇ پەقەت خاتىرىلىنىپ قالغان.

دېھقاننىڭ ئېتىزغا چاچقان ئۇرۇقى «ئىسرۇغ»، ئۇرۇقلۇققا ئايرىلغان بۇغداي «ئۇرۇقلۇق ئەكتى» دېيىلەتتى. ھەر يىلقى ھوسۇلنىڭ مەلۇم قىسمى كېلەر يىلى تېرىش ئۈچۈن «ئۇرۇقلۇق» قىلىپ ئايرىلاتتى. يەر ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇرۇق چېچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇق تۇپىغا كۆمۈلۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆكۈز قوشۇلغان سۆرەم سېلىناتتى. سۆرەم ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «چىگنە» دېيىلەتتى. يالغۇز ياغمىلاردا «چىغنە» دەيتتى، ئېتىزلارغا سۆرەم سېلىشنى «چىگنە، چىگنىمەك» دېيىشەتتى.

تۆتىنچى، سۇغىرىش ۋە ئاسراش: ئۆسىۋاتقان زىرائەت زۆرۈر ۋە مۇمكىن بولغاندا سۇغىرىلاتتى. سۇغىرىش ئۈچۈن ئېتىزلار ئارىسىدا ئېرىقلار ئېلىناتتى. سۇغىرىشتىكى ئاساسلىق ئىش، ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئالدىغا قىر سېلىپ توسۇپ، سۇنى ئېرىقلار ئارقىلىق ئېتىزلارغا ياكى باغچىلارغا باشلاش ئىدى. بۇنداق قىرلارنى ھازىرقىدەك «تۇغ» دېيىشەتتى. سۇنى ئېتىزلارغا ئاقتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىنغان ئېرىقلار ھازىرقىدەكلا «ئارىق» دېيىلەتتى ۋە ئېرىقلاردىن ئېتىزلارغا سۇ باشلاش ئۈچۈن ئېغىز-ئېچىقلار ئېچىلاتتى. 11- ئەسىردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىككى ئېرىق ئارىسىدىكى تېرىلغۇ يەرنى «ئەتىز» دەپ

ئاتىشاتتى. يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گېتىزلارنى تېرىلىشتىن بۇرۇن ئېرىق ئېلىنىپ چۆنەك چېپىلاتتى ۋە بۇ ئىش «يەر گەتىزلەمەك» دېيىلەتتى. سۇ يېتىشمىگەندە نۆۋەت بىلەن سۇغىرىلاتتى، بۇنداق نۆۋەتنى «ساپ» دېيىشەتتى.

بەشىنچى، ئاشلىقلارنىڭ پىشىشى ۋە ئورۇلۇشى: بۇغداي، ئارپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زىرائەتلەر باشاق «قىلچىقى» (قىلتىرىقى) ۋە «باشاق» چىقارغاندىن كېيىن پىشىشقا باشلايدۇ. باشاقلارنىڭ دان تۇتۇشى، ھەممە نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى يېگۇدەك ھالغا كەلدى دېگەن مەنىدىكى «ئىچلەندى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىپ، «تارىغ ئىچلەندى» يەنى زىرائەت دان تۇتتى دېيىلەتتى. باشاقتىكى دانلار 11-ئەسىردە ھازىرمۇ ئاناتولىينىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە دېيىلىۋاتقان «ئەۋىن» دېيىلەتتى. زىرائەتنىڭ دان تۇتۇشى «ئۇرۇغ» دېگەن سۆز «ئۇرۇق» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش سۆز ئىدى. زىرائەت ياخشى پىشىپ، دانلىرى قېتىشقاندىن كېيىن ئورما باشلىنىدۇ. بۇ ئىش «ئورماق» دېگەن پېئىلدىن ئېلىنىپ «تارىغ ئوردى» ياكى «تارىغ ئورىلدى» دېيىلەتتى. بۇ ئاشلىق ئوردى ياكى ئاشلىق ئورۇلدى دېگەنلىك ئىدى. ئاشلىق ئورىلىدىغان سايمان «ئورماق» دېگەن پېئىلدىن ئېلىپ «ئوراق» دېيىلەتتى.

ئالتىنچى، خامان: زىرائەت ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن باغ باغلاش ۋە خامان تېپىپ دانلىرى ئايرىش ئىشى باشلىنىدۇ. 11-ئەسىردە خامان تېپىشتىن بۇرۇن باغلانغان بۇغدايلار خامانغا توپلانسا كېرەك. بۇ توغرىسدا ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ «دىۋان»دا ئۇچرىغان «تارىغ تاشىدى» ۋە «ئۇلار ئىككىسى بۇغداي يۇدۇشتە بىر-بىرىگە ياردەملەشتى» دېگەندەك سۆزلەر بۇغداي ئەنجۈلىرىنىڭ بىر يەرگە توشۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەنجۈ توشۇلىدىغان بولسا، ئۇ ئاساسەن كۆتەك ھارۋىدا يەنى مەشھۇر «قاڭلى»دا ھەمدە ئۇلاغلار، مەسىلەن، ئات، تۆگە، قېچىر ۋە ئېشەك بىلەن توشۇلىدىغانلىقى مەلۇم.

**دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە دائىر ئۆرپ-ئادەتلەر**

1) قوشچىلىق ناخشىسى

ھەر يىلى دېھقانلار نوۋرۇز بايرىمىدىن كېيىن تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىقتا ئات، كالىلارغا بوقۇسا، ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرىدۇ. يەر ئاغدۇرۇش مۇشكۇل ئېغىر ئەمگەك بولغاچقا، بۇ خىل ئەمگەكنىڭ جاپاسىنى ئۇنتۇش ۋە كۆڭۈللۈك ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قوش ھەيدىگەندىن كېيىنكى رىتىمگە ماسلاشقان ھالدا قوشچى ناخشىسىنى توۋلايدۇ. قوشچى ناخشىسىنىڭ بىر قىسىم تېكىست ۋە ئاھاڭلىرى كۈچا خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن.

2) ئورما ناخشىسى

ھەر يىلى 6-ئاينىڭ باشلىرىدا بۇغداي، ئارپىلار پىشقاندا ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن ئاساسەن ئورغاق بىلەن قولدا ئورۇلغان. بۇ ۋاقىتتىكى بۇغدايلارنىڭ كۆلىمى چىق، ھاۋا ئىسسىق، شۇنداقلا بۇغداينى ئېگىشىپ تۇرۇپ ئورۇيدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناھايىتى بىر مۇشەققەتلىك ئەمگەك جەريانى. ئورمىلارنى كۆپىنچە كىشىلەر توپلىشىپ ھەممىسى بىر سولدىن ئورۇيدۇ. ئورمىچىلار ئىچىدىن چېۋەر ناخشىچىلار ئورما ئورۇش جەريانىدا ئورما ناخشىسىنى ئېيتىپ ئورما ئورۇسا ئورمىنىڭ جاپاسى-مۇشەققىتى ئانچە بىلىنمەيدۇ ۋە بۇ ئەمگەكنى بىر خىل كۆڭۈللۈك ئەمگەككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئورما ناخشىلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن،

ئورما ئورۇيسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ؟
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ؟

3) خامان ئېلىش ۋە خامان ناخشىسى

بۇغداينى ئوراپ قويۇپ، شامال بەك تېگىدىغان يەرنى تۈزلەپ ئەنجۈنى خامانغا دۆۋىلەيمىز. ھەر كۈنى ئىسسىق بولغان كۈنلەردە خاماننىڭ ئەنجۈسىنى ئارىدا خاماننىڭ چۆرىسىگە يېيىتىمىز. ئاندىن كېيىن، خاماننىڭ ئوتتۇرىسىغا موموُنى يەرگە چۇقۇ كولاپ ئۆرۈلۈپ كەتمىگۇدەك مەزمۇت بېكىتىمىز. ئۇزۇن بىر ئارغامچىنى ئىككى قاتلاپ، كالا-ئېشەكلەرنى خامانغا قوشىمىز. ئەگەر خاماننىڭ ئەنجۈسى جىق بولسا ئىككى قاتار ئۇلاغ قوشىمىز. ئۇلاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېشەككە يا ئۇيغا خامان ھەيدىگەن ئادەم ئۇچۇلۇق يا تۇقۇم توقۇپ مىنىپ ئولتۇرۇپ خاماننى ھەيدەيدۇ. بەزى-بەزىدە لاي-لاي

ئېيتىپ ھەيدەيدۇ. خامان يۇمشاپ بولغاندىن كېيىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ، شامال چىققاندا خاماننى سورۇيدۇ، ساماننى شامال ئۇچۇرۇپ خاماننىڭ ياقىسىغا چىقىرىدۇ. بۇغداي مومۇننىڭ تۈۋىگە چۈشىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇغداينى ئۆتكەمدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۆتكەمدە سۈزۈلۈپ قالغان چالارنى بىر-ئىككى ئادەم غولدىدا سوغۇپ، بۇغداينى يۇمشىتىپ، ئۆتكەمدىن ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

خامان تەييار بولغان ۋاقىتدا بۇغداينى بىر-ئىككى گىلەمنىڭ تۆپىسىگە چەشلەپ قويۇپ، بەزى ئادەملەر «ھاۋا يانغان ۋاقىتدا ئۇسۇيمىز» دەيدۇ. ھاۋا يانغاندا خاماننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىر موللا ئادەمنى تېپىپ، چاي، نان ئېتىپ، چاي، ناننى موللىنىڭ ئالدىدا قويۇپ دۇئا قىلدۇرۇپ، ئاندىن كېيىن خاماننى ئۇسسۇيدۇ. بۇ موللا: «خامانلىرى بەرىكەتلىك بولسۇن! جىق ئاشلىق چىقسۇن! كونىدىن-كونىغا ئېشىپ قالسۇن!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. بۇلار «ئازغىنە ئاشلىقىمىز بەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇزاق زامانغىچە يېتىدۇ» دەپ خىيال قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن داستان ۋە قوشاقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. داستان مۇئەييەن ۋەقەلىكنى ئابزاسلار بىلەن بايان قىلىدىغان قوشاق. ئۇ قوشاق بىلەن داستان ئوتتۇرىسىدىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر شەكلى. كۆپ ھاللاردا باش قەھرىماننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى چۆرىدەپ بايان قىلىنىدۇ، ئاھاڭى مۇقىم، ئېيتىشقا ئوڭاي.

قوشاق بولسا تېكىستى قىسقا، ئاز بولسىمۇ، ئادەتتە سۇژىتى بولمايدۇ. ناخشا قىلىپ ئېيتقاندىمۇ ئاھاڭى مۇقىم ئەمەس. ئۇ مەزمۇنغا قاراپ ئەمگەك تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەت، ئىشق-مۇھەببەت، تارىخى ھەم يېڭىچە مىللىي ئىتاھدىلىككە ئىگە ناخشىلارغا بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشا قوشاقلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، بولۇپمۇ ئەمگەك بىلەن زىچ باغلانغان. مەسىلەن، «خامان ناخشىسى»، ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا خاماندىكى ئىنتايىن ئالدىراش، جىددىي ئەمگەك مەنزىرىسىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خەلق ناخشىسىدا خاماندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مول ھوسۇل شادلىقى ۋە خامان تېپىشتىكى ئالدىراش ئەمگىكى مەزمۇن قىلىنغان. ناخشىنىڭ تېكىستى خامان تېپىش ھەرىكىتىنى سىستېملىق، روشەن رىتىم بىلەن ئىپادىلىگەن.

مەسىلەن:

دەسسەڭلار، يانچىڭلار، جانىۋارلىرىم،<br>
پايخان بولسۇن.<br>
داننى ئايرىپ چەشلەڭلار، جانىۋارلىرىم،<br>
خامان تولسۇن.<br>
لاي، لاي، لاي، لاي...

بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى «خامان لايلىيى»مۇ مۇشۇنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەمگەك ۋە ئويۇن دەل ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان ئەمگەك ياكى ئويۇن-كۈلكىلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئىچكى ھېسسىياتى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى روشەن، ئەينەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلايدۇ.

4) بۇغداي، قوناقلارنى چەشلەش ئادەتلىرى

بۇغداي، قوناقلارنى چەشلەش ئادىتى بىزگە قەدىمدىن تارتىپ قالغان بىر مۇھىم ئادەتلەرنىڭ بىرى. بۇ ئاشلىقلار پىشىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئاشلىقلارنى ئورۇپ بولغاندىن كېيىن خامان ئالىمىز. بىر تۈۋەندە توختىلىپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز دەل 11-ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا شەرھلەنگەن بۇغداي، قوناقلارنى چەشلەشكە بولغان ئىزاھاتلىرىدۇر. زىرائەت ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن باغ باغلاش ۋە خامان تېپىپ دانلىرىنى ئايرىش ئىشى باشلىنىدۇ. ئاشلىقنى خاماندا تېپىش ئۇچۇن تۇلۇق ئىشلىتىلەتتى. «دىۋان»دا «تۇلۇق» دېگەن مەنىدە «قوندىغۇ» دېگەن سۆزنىلا ئۇچرىتىمىز. ئەمما بۇ سۆزنى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر يەنى خەلقلەر ئىشلىتەمدۇ ـ يوق؟ بۇنى بىلمەيمىز. خامان تېپىش يەنە «ئۆرتكۈن تەپمەك»مۇ دېيىلەتتى. بۇ سۆزنىڭمۇ شۇ دەۋردە ئومۇملاشقان-ئومۇملاشمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن «تەپمەك» دېگەن سۆزگە قاراپ، بەزى جايلاردا ئاشلىقنى تۇلۇق بىلەن ئەمەس، ھايۋانلارغىمۇ چەيلىتىپمۇ تېپىدىغانلىقنى ئېيتالايمىز. «دىۋان»دىكى بايانلاردىن خاماننى مەيلى تۇلۇق بىلەن تېپىشتە بولسۇن، مەيلى ھايۋانلارغا دەسسىتىپ تېپىشتە بولسۇن، ئات ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ئىشلىتىلگەن-ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسەكمۇ، لېكىن بۇ ئىشتا ھازىرقىدەكلا ئۆكۈز ئىشلىتىلىدىغانلىقنى ئېيتالايمىز. مەھمۇد كاشغەرىي ئارغۇلار خامان تېپىشكە قېتىلىدىغان

ئۆكۈزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆكۈزنى «ئوپ» دەيدى-
غانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ «ماما» دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندى-
مۇ «خامان تېپىشتە ئوتتۇرىغا قېتىلىدىغان ئۆكۈز، باشقا
ئۆكۈزلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ» دەيدۇ. قوش
ھەيدەش ۋە سۆرەم سېلىش توغرىسىدا ئېيتقىنىمىزدەك 11-
ئەسىردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر بويۇنتۇرۇق ئىشلىتىشنى
بىلەتتى. خامان تېپىش تۇلۇق بىلەن قىلىنىدىغان بولسى-
دى، مەھمۇد كاشغەرىي مەيلى ئوپ، مەيلى ماما دېگەن
سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا، ئىككىدىن ئارتۇق ئۆكۈز قوشۇل-
دىغانلىقىغا دائىر سۆزلەرنى يازمىغان بولاتتى. ئىككىسىدىن
ئارتۇق ئۆكۈز قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلەر،
خامان تېپىشتە ئۆكۈزلەر ئەنجۇلارنى دەسسەپ يانچىش
ئارقىلىقمۇ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ماما»
دېگەن سۆزنى ئەرەبچە ئىزاھلىغاندا «خامان تېپىش»
دېگەن پېئىل «پۇت بىلەن تېپىش، ئېزىش» دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدى، دەپ ئېنىق ئېيتىلغان. بىر قىسمى بولسا
ھايۋانلارغا دەسسىتىپ يانچىپ تېپىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى.
لېكىن «دىۋان»دىن تۇلۇقنىڭ شەكلى ھەققىدە ھېچ-
قانداق مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ.

خامان تېپىش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن خامان
سورۇش ئىشى باشلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنى «ساۋۇرماق»
دېيىشەتتى ۋە بۇ ئىش مۇۋاپىق شامال چىققاندا ئىشلىنەت-
تى. سورۇش ئىشنى بەزىلەر «تارىغ ئەسمەك» دېيىشەت-
تى. بۇمۇ شامال سورىماق دېگەن مەنىدە. سورۇش ئىشى
تۈگىگەندە سامان بىلەن ئاشلىق دانلىرى بىر-بىرىدىن
ئايرىلىپ تۇراتتى. سامنى ئايرىلغان چەشنى «ئۆرتكۈن»
دېيىشەتتى. چەشنى شېرىكلەر ۋە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسى-
دا بۆلۈشسە بەزىدە زىددىيەت جاڭجاڭلار چىقىرىدىغانلىقى
مەلۇم. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىي بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك
«ساپان ۋاقتىدا تالاش-تارتىش بولسا، خامان ۋاقتىدا
جاڭجال بولماس» دېگەن ماقالنى مىسال ئېلىپ ئۆتكەن.

چەشنى بۆلۈش ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئۆل-
چەشتە «ساغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كەمچەن ئىش-
لىتىلەتتى. بۇ «قىرقلۇم ساغۇ» دېيىلىدىغان، لىق توشقىنى
بىر بىرلىك ھېسابلىنىدىغان ئەسۋاب ئىدى. ئۆلچەش ئىشى-
نى «ساغۇلاماق» دېيىشەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇغداي
بىر چەتكە دۆۋىلىنىپ، تازىلاش ئىشى باشلىناتتى. بۇغداي-
نى تازىلاش بۇغدايدىكى «قارىمۇق»قا ئوخشاش كېرەك-
سىز، يانچىلمىغان قاتتىق سامانلارنى داندىن تازىلىۋېتىش

ئۈچۈن قىلىناتتى. بۇ ئىش «تارىغ ئارىتماق» دېيىلەتتى.
بۇ ئىش ئۈچۈن «ئازرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسۋاب
ئىشلىتىلەتتى. بۇ ئەسۋابنىڭ شەكلىنى بىلمەيمىز. لېكىن
ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى بارلىقى بايان قىلىنغىنىغا قارىغاندا
ھازىرقى غەلۋىرگە ئوخشاش بىر نەرسە بولسا كېرەك.
ئۇلارنىڭ بۇغداينى تازىلايدىغان مەخسۇس يەرلىرى بار
ئىدى. بۇغداي تازىلاش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت كېتىدىغانلى-
قىنىمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىن بىلەلەيمىز. ئاش-
لىقنى تازىلاش ئەسۋابى «تارىغ ئارتىغۇ نەك» بۇغداي
غەلۋىردە تاسقالغاندىن چىققان چار «دانگال» دېيىلەتتى.
مەھمۇد كاشغەرىي، سامانىنى چىگىللەر «سامان» ئوغۇزلار
«تۈۋۈك» دەيدىغانلىقىنىمۇ يازىدۇ.

خاماننىڭ چەشلىنىشىگە دائىر ئىشلاردىن ئۇلاردىكى
ئىنتايىن ياخشى ئىجتىمائىي ياردەملىشىش ئادەتلىرىدىن
بىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. خامان چەشلىلەنگەندىن كېيىن
ياردەمگە كەلگەن ئادەملەرگە خامان ئىگىسى ئارپا ياكى
بۇغدايدىن مەلۇم مىقداردا بېرەتتى ياكى تاماق بېرەتتى.
بۇ يەردە بۇنداق ياردەملىشىش ئۇلارنىڭ ناھايىتى ياخشى
ئىجتىمائىي ئادەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.
ئاشلىق خاماندىن ئۆيگە توشۇلۇپ، ئامبارلارغا كىرگۈزۈ-
لەتتى. بۇنداق ئامبارلار «تارىغلىق يەر» دېيىلەتتى. يەنە
شۇ مەنىدە «ئۆزگۈلۈك» دېگەن سۆزمۇ ئىشلىتىلەتتى. تا-
زىلىنىپ بولغان بۇغداي تۈگمەنگە ئاپىرىلىشتىن بۇرۇن
سۇدا يۇيۇلاتتىمۇ - يوق؟ «دىۋان»دا بۇ ھەقتە ھېچ
نەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ لېكىن يۇيۇلىدىغانلىقىنى پەرەز
قىلالايمىز.

ئۇن تارتىلغاندىن كېيىن قالغان كېپەكنى قويۇش
ئۈچۈن مەلۇم يەر ئايرىپ قويۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇ يەر
«كەپەكلىك» دېيىلىدىغانلىقى مەلۇم. ئامبار بولمىسا ياكى
مەھسۇلات كۆپ بولغان يىللاردا ئاشلىق ئامبارلارغا
سىغماي قالسا ئاشلىقلارنى ئورا كۆمۈپ ساقلىشاتتى.
بۇنداق ئورىلارنى «ئورۇ» دېيىشەتتى. دېھقانلارنىڭ ھا-
زىرمۇ ئېھتىياجلىرىدىن ئېشىپ قالغان ئاشلىقنى ئەينى ۋا-
قىتتىكىدەك ئورىدا ساقلىشى بۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنىڭ ئىن-
تايىن قەدىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركىي تىللىق
خەلقلەر 11-ئەسىردىمۇ ھازىرقى كۈنكىدەك لاپقۇتلىشىش
ئۇسۇلى بىلەن ياردەملىشىدىغانلىقى مەلۇم، مەھمۇد كاشغە-
رىي «لۇنچۇت» دېگەن سۆزنى «بۇغداي ۋە شۇنىڭغا

ئوخشاش دانلارنى يانجىشتا يېزا خەلقىنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى، ئۇلار ئادەتتە خامان ۋاقتىدا بىر-بىرىگە بىرەر ئۇلاغ بىلەن ياكى ئادەم بىلەن ياردەم بېرىدۇ» دەپ ئىزاھلاش ئارقىلىق لاپقۇتلىششىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لاپقۇتلىششى ھازىرمۇ داۋاملىشۋاتقان ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئۇسۇللىرىمىزدىن بىرىدۇر.

### ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق رىسالىسى

ئۇيغۇرلاردا دېھقانچىلىق ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ھەم تۈرۈپ كەلمەكتە. تۆۋەندە توختىلىدىغىنىمىز ئاساسلىقى دېھقانچىلىق رىساللىرى:

بۇنىڭدا مۇنداق دەپ سۆزلەنگەن يەنى دېھقانچىلىق ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسىبى تۇرۇرى، ھەزرىتى ئادەمغە بۇبى ھەۋايى بۇغداي دەرەختىن ئۆزى يەپ ئېرىگە ھەم بېرىپ، ئىتائەتتىن ھەم چىقىپ گۇناھقا تۇشكەندە، خۇدايى رەببىلئىززەت ئادەمغە پىشانىگىنى تەرلەتىپ مەشەققە بىرلە نانىڭنى يەرسەن دېگەنگە مۇۋاپىقەت يەرگە ئىشلەپ دېھقانچىلىق قىلماق ھەممە ئادەملەرگە مىراس قالدى ۋە يەر ھەرقانچە ئوبدان بولسا ھەم بەش، ئون يىل ئىشلىمەي تاشلاپ ئەتسە ھەر قىسىم ئوت ۋە يانتاقلار ئۈنۈپ، خۇدا بۇيرۇغانغا مۇۋاپىق تەمام شورلۇق بولۇپ تەگىدىن زەي چىقىپ بۇزۇلۇپ كېتەر. قۇرۇق سېغىز يەر بولسا ئافتابنىڭ تابۇشىدىن قارىرىپ كۆيۈك بولۇپ كېتەر. يەرنى خۇدالەئىنەت قىلماغاندا تەمام يەر يۈزى بېھىشتىنىڭ باغىدەك گۈللۈزارلىق ئەردى. تىكەن، يانتاق، ئازغان، جىغلارنىڭ ئورنىدا تولا ياخشى مېۋىلىك دەرەختلار با ئەردى. بۇغداي دەراخنى ھەم ئادەم ئېگەدارلىق قىلغان باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەممەدىن ئەفزەل بىر تۈپ دەرەخت ئەردى. ئانىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى يەرگە ئىشلەپ، بۇغداي دەرەختىنى ھەم باغدىن چىقارىپ، يەرگە تېرىپ ئوراپ نان ئېتىپ يېگىلى قىسمەت قىپتۇ، بۇغدايدىن باشقا مېۋە يا دەرەختلەردىن كۆچەت قىلىپ قويارلار، ياغۇز بۇغداي بىلەن ئانىڭ جۇملەسىدىن ئارپا، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، شال، تېرىق، ماش، نۇقۇت، قوناق، زىغىر، كەندىر، كۈنجۈت، زاراڭزا، كېۋەز، چامغۇر، قوغۇن، تاربۇز قاتارلىق مېۋىلەرنى يەرگە تېرىپ يېيدۇ دەپ سۆزلەنگەن.

يەنە يەرگە ئىشلەپ زىرائەت قىلماق ئۈچۈن سەرەنجام لازىم بولۇر، دۆش ئالغالى ئات ئەراپ، ئىشەك، ئەغاز، يەرنى ھەيدەگەلى ئۆي، ئۆيغا ئىشلەتلىكى بوقۇسا، بويۇنتۇرۇق، سۆرەم، تىش لازىم بولۇر. بىر كىشى بىر پارچە زېمىننى زىرائەت قىلغىلى خالىسا ئۇر يەرنىڭ ئېتىزلارنىڭ قىرلارىنى كەتمەن بىلەن توپا سالىپ ئېگىز قىلاردۇر. ئېتىزنىڭ دۆڭ يەرلىرىنى ئەرابەگ ئات قوشۇلۇپ كەلتۈرۈپ. ئاغدامىگە ئۇسۇپ، چومقۇر يەرلەرگە تۆكۈپ، ئېتىزلارنى تۈز قىلىپ راستىلاپ، سۇ قۇيۇپ، ئوسا قىلىپ كىلىشكەندە بىر جۈپ ئۆي كەلتۈرۈپ، بۇيەنىغا بويۇنتۇرۇق سالىپ، بويۇنستۇرۇققا كۈچ ياغاچى بىرلە بوقۇسانى بىركىتىپ، بوقۇساغا تىش بىركىتىپ، ساپكەسىدىن تۇتۇپ، يەرنى تۆرت بەش مەرتىبە ھەيدەپ مىرە قىلىپ ئاندىن تاغارغا قىغ ئۇسۇپ، ئىشەككە ئارتىپ يەرگە قويۇپ، ئاندىن يەرگە قىغنى چېچىپ، كېيىن ئۇرۇغ چېچىپ ھەيدەپ ئاندىن سۆرەمدە باسۇرۇپ قويەدۇ. زىرائەت ئۈنۈپ تەڭشەلگەندە سۇ قۇيۇپ، پىشىپ تەييار بولغۇچە خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش كېرەك، پىشقاندا ئوغاق بىلەن ئورۇپ، خارمانغا كەلتۈرۈپ تېپىپ سورۇپ ئېلىش دەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

### ئۇيغۇر دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە دائىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلەر

#### 1. ئەپسانە

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ بۇگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن بۇغداي توغرۇلۇق بىر قانچە خىل ئەپسانە بولۇپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، ھەممەمىزگە تونۇشلۇق بولغان «بۇغداي دېنى نېمىشقا سوقەچاق» دېگەن ئەپسانە، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۆزىنى ئادەم دەپ چاغلاپ يۈرگەن بىر ھازازۇلنىڭ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ شەيتانغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، دوزاختا ياغۇز ئازابلىنىشتىن قورقۇپ، بەندىلەرنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكى، شۇنداقلا ئۇنى ئازدۇرۇپ بۇغداي دېنى يېگۈزمەكچى بولغاندا بۇنى كۆرۈپ تۇرغان خۇدا، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇق قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى بىر سىقىپ بۇغداينىڭ دېنىنى چىقىرىۋەتكەن ھەم چىقىپ كەتكەن بۇغداي ئېرىزلىپ سوقىچاق بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇغداي دېنى سوقىچاق بولۇپ قالغان.

#### 2. ماقال-تەمسىللەر

ماقال-تەمسىللەر خەلق تىلىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبي

قىسمى، ئۇ خەلق تىلىنىڭ تاۋلىنىپ ۋە تاللىنىپ چىققان مېغىزى ـــ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىلىدۇر. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى مەزمۇنغا قاراپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ بىر تۈرى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر بولۇپ، ئۇ ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، مەۋسۇم، ھاۋا رايى، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە تېبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى قىممەتلىك بىلىملەرنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ.

دېھقانچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەردە مەلۇمكى تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان يېرى كەڭ، بايلىقى مول، تەبىئىي شارائىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق.

دېھقانچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر ئىچىدە تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئىنتايىن كۆپ ۋە مەزمۇنى مولدۇر. مەسىلەن، «يەر تويمىغۇچە ئەر تويماس»، «يەرنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار»، «قىغسىز ئەر ـــ پۇلسىز ئەر»، «ئاستىنى ئۆرۈپ ھەيدىسەڭ، دۆۋىلەپ ھوسۇل ئالىسەن»، «ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ، ئاشنى ئالىسەن قاچىلاپ»، «بىر كۈن تېرىغان ئاشلىقڭ، يۈز كۈنگە ئوزۇق بولۇر».

خۇددى دېھقانلار ئېيتقاندەك «سۇ يەرنىڭ قېنى، يەر دېھقاننىڭ جېنى». شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق ئەمگەكىدىن سۇدىن ئىبارەت بۇ «قان»نىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. «يېرىڭ تاش بولسىمۇ ئېچىڭ باش بولسۇن»، «ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت»، «يېرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى، ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى».

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھاۋارايى ھەققىدىمۇ بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىل يېزىلغان. «ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار»، «شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر، سىمىلداپ ياغقان يامغۇر جاندىن ئۆتەر.»

يەنە مەۋسۇم ۋە ۋاقىتمۇ ئوخشاشلا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى «ھوت ـــ كەتمەن سېپىنى تۇت» دېگەن. «كۈنلۈك ئىش قىلساڭ سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىش قىلساڭ باھاردىن». «يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە» قاتارلىق.

يەنە باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىققىمۇ ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر بار. مەسىلەن، «ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈزنى كۆلگە»، «ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت»، «بېغى بارنىڭ تېغى بار»، «يەر زىننىتى ـــ دەرەخ»، «مالنىڭ بېشى توخو»، «ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۆتەلسە پىچاق»، «ئات ئەر كىشىگە قانات».

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇلار يالغۇز شۇ ساھەسىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە ھەرقايسى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (1 ـ توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (2 ـ قىسىم، 3 ـ قىسىم، 4 ـ قىسىم، 5 ـ قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

3. ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

4. گۇننار ياررىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

5. رېشات گەنچ (تۈركىيە) «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن «1 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

6. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، (2 ـ قىسىم).

7. ئىسراپىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

8. «زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

9. ئىسمائىل ئىبراھىم، ئابلىلىم ئېزىز قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

10. سىياسىي كېڭەش پەيزاۋات ناھىيەلىك كومىتېتى «پەيزاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» (3 ـ توپلام)، 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

11. غەيرەتجان ئوسمان «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2009 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپتا)




ئالىمجان ھاۋۇز

«تۆرىلىش» داستانىنىڭ بايانى مۇنداق: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ئۇلار ئەڭ بۇرۇن تۆرەلگەن ئانا زېمىنلار ئورخۇن دەريا بويلىرى ئىدى. بۇ دەريانىڭ مەنبەسى قاراقۇرۇم دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ ئىدى①. ئوگداي قاغان②. بۇ جايدا بەرپا قىلدۇرغان شەھەرنىڭ ئىسمىمۇ قاراقۇرۇم ئىدى. تاغدىن 30 ئېرىق ۋە غول چىقاردى. ھەر ئېرىقنىڭ بويىدا بىر قەبىلە ئولتۇراتتى. ئورخۇن ۋادىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئاساسىي قەبىلىسى بار ئىدى. ئۇلار نوپۇسى كۆپەيگەنسېرى باشقىلىرىغا ئوخشاش بىر يەرگە يىغىلىپ ئىچىدىن بىرىنى خان تاللاپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

بۇ تەرىقىدە ئارىدىن 500 يىل ئۆتتى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر يولباشچىسى يوق ئىدى. ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى غەلبە قىلىپ قەبىلىسىگە باش بولاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا قەبىلىلەر بىر يەرگە كېلىپ ئومۇمىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر خانغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشتى③. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ خانى بۆگۈ قاغان بولدى④. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆگۈخان ئافراسىياپ ئىكەن. بىر قۇدۇقمۇ بۇ ئىسىم قويۇلغانىكەن. قاراقۇرۇمنىڭ يېنىدىكى بىر قىياغمۇ بۇ ئىسىم ئويۇلغان. بۇ قۇدۇققا بىچەن ئىسىملىك بىر پالۋان تاشلانغانىدى. غول بويىدىكى ئوردۇبالىق دەپ ئاتالغان شەھەرنىڭ ئىسمىمۇ قاراقۇرۇم ئىدى. بۈگۈنلۈكتە بۇ شەھەر ماۋۇبالىق دېيىلىدۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قىيالارنىڭ ئارىسىغا بىر شەھەر بەرپا قىلىنغانىدى. ئوگداي قاغان ۋاقتىدا بۇ تاش دۆۋىسىنى قازغانىدى، تاشلارنىڭ ئاستىدىن بىر قۇدۇق ۋە قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدىن بىر چوڭ تاش مۆھۈرنى تاپتى. بۇ ھەقتە بەزى ھۆججەتلەر بار⑤. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نېملەر يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلاش قاغان تەرىپىدىن ئەمر قىلىندى. ئۇ يەرگە بەزى ئادەملەر كەلدى. لېكىن بۇلارنى ھېچكىم ئوقۇيالمىدى. تابغاچ تەرەپتە بىر قەبىلە ياشايتتى. ئۇلاردىن بىر قانچە كىشىنى كەلتۈردى ۋە بۇ يېزىقلارنىڭ ئۇلارغا ئائىت بولغىنى بىلىندى. بۇ كىتابتا شۇنداق دېيىلگەنىدى:

قاراقۇرۇمدىن باشلانغان ئىككى دەريا مەۋجۇت بولۇپ، بىرى تۇغلا، يەنە بىرى سېلىنگا دېيىلەتتى⑥. بۇ دەريالار قامىلانچۇ دېگەن بىر يەردە بىرلىشەتتى. دەريالارنىڭ ئارىسىدا ئىككى دەرەخ بار ئىدى. قىش ۋاقىتلىرىمۇ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلمەيتتى، مېۋىلىرىنىڭ تەمى بولسا قارىغاي مېۋىسىنىڭ تەمىگە ئوخشايتتى.

بىر كۈنى بۇ ئىككى دەرەخنىڭ ئارىسىدىكى دۆڭلۈككە كۆكتىن بىر نۇر چۈشتى⑦. كېيىن بۇ دۆڭلۈك ئاستا-ئاستا چوڭىيىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن خەلق ھەيران قېلىشتى. ئۇيغۇرلار چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئۇ

يەرگە قاراپ مېڭىشتى. يېقىنلىشاي دېگەندە ئىنتايىن يېقىملىق بىر مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ھەر كېچە بۇ يەرگە نۇر چۈشۈشكە ۋە نۇرنىڭ ئەتراپىدا 30 قېتىم چاقماق چېقىشقا باشلىدى. ئاخىر بىر كۈنى كىشىلەر شۇ يەردە ئايرىم-ئايرىم سالغان بەش چېدىرنى كۆرۈشتى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن بوۋاق ئولتۇراتتى. ھەر بىر بوۋاقنىڭ ئالدىدا ئۇلار تويغۇدەك سۈت ۋە ئېمىزگىلەر ئېسىقلىق ئىدى. چېدىرنىڭ يۈزى كۈمۈش بىلەن ئېتىلگەنىدى. پۈتۈن خەلق بۇ مۆجىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ئۇ يەرگە كەلدى. بۇ ئاجايىپ ۋەقەگە شاھىت بولغىنىدا تىز چۆكۈپ، ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى⑧. بىر ئازدىن كېيىن بوۋاقلارنى ئېلىپ چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئۇلارنى بېقىپ چوڭايتىش ئۈچۈن ئىنكئانىلار تەيىنلەپ بېرىشتى. ھەر ۋاقىت ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى ۋە ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىشتى. بوۋاقلار ئەمچەكتىن ئايرىلىپ گەپ قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇيغۇرلاردىن ئاتا-ئانىسىنى سورىدى. ئۇيغۇرلار ئىككى دەرەخنى كۆرسەتتى. خەلق ئۇ باللارنى ئېلىپ دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى. باللار دەرەخنى كۆرگەندە خۇددى ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاش ھۆرمەت كۆرسەتتى. دەرەخنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ يەرنى سۆيدى. بۇنىڭ بىلەن دەرەخلەرمۇ زۇۋانغا كېلىپ: «گۈزەل خۇي ۋە ئۆزگىچە مەجەزلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان باللار شۇنداق بولىدۇ، ئاتا-ئانىسىغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. ئۆمرۈڭلار ئۇزۇن، ناملار ئۇلۇغ ۋە شۆھرەتلىرىڭلار داۋاملىق بولسۇن» دېدى. بۇ جايدىكى ھەممە كىشى باللارغا شاھزادىلەردەك مۇئامىلە قىلدى. باللار تۇغۇلغان جايدىن قايتقىنىدا كىشىلەر ئۇلارغا ئىسىم قويۇشتى. ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى سۇنقۇر تېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ قۇتۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ تۇكەل تېكىن، تۆتىنچىسىنىڭ ئور تېكىن، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى بۆگۈ تېكىن بولدى.

بۇ باللار تۇغۇلغان چاغدىكى ئىلاھىي ھالەتنى كۆرگەنلەر بۇلاردىن بىرىنىڭ ئۆزگىچە پادىشاھ بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تېكىنلەرنىڭ ئىچىدە بۆگۈ تېكىن ئەڭ چىرايلىق، بوي-بەستى كېلىشكەن، سەۋرلىك، ئىرادىلىك بولۇپ، باشقىلىرىدىن پەرقلىق ئىدى ۋە پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى بىلەتتى. خەلق ئۇنىڭ خان بولۇشىنى قارار قىلدى ۋە ئۇنى چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ دۆلىتىنى ئادالەت بىلەن باشقۇردى. بۆگۈ خان خەلقى ئۈستىدىكى تۇرلۇك زۇلۇملارنىڭ ئىشكىنى تاقىدى. بۇ سەۋەبتىن ئەتراپىدىكى ئادەملىرى، تەسىر دائىرىسى، مال-مۈلكى بارغانسېرى كۆپەيدى. تەڭرى ئۇنىڭغا پۈتۈن تىللارنى بىلىدىغان ئۈچ قاغا يوللىغانىدى. نەدە مۇھىم ئىش بولسا بۇ قاغىلار ئۇ يەرگە كېتەتتى ۋە ئىشنىڭ قانداق بولغىنىنى بىلىپ، كۆرۈپ كېلىپ خانغا خەۋەر قىلاتتى⑨.

بۆگۈ قاغان بىر كۈنى سارىيىدا ئۇخلاۋاتقاندا، دېرىزىدىن بىر قىز ئۇنىڭغا خىيالىي ھالەتتە كۆرۈندى، بۇ ئىش ئۇنى ئويغاتتى ئەمما بۇ ئەھۋالدىن قورققان بۆگۈ قاغان قىزنى كۆرمەسكە سالدى. ئۆزىنى ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرسەتتى. ئىككىنچى كۈنى قىز يەنە كەلدى. ئەتىگىنى بىلگىچىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۈچىنچى كۈنى تەكرار كۆرگەندە بىلگىچىسىنىڭ كېڭىشىگە ئاساسەن قىزنى ئېلىپ ئاق تاغقا كەتتى. بۇ تاغدا تاڭ ئاتقۇچە تۇرۇپ قالدى ۋە قىز بىلەن پاراڭلاشتى. بۇنداق كۆرۈشۈش، پاراڭلىشىش يەتتە يىل ئالتە ئاي 22 كۈن ھەر كۈنى كېچىسى داۋاملاشتى. ئايرىلىدىغان كۈنى قىز: «كۈن چىقىشتىن غەربكىچە پۈتۈن دۇنيا سېنىڭ بايرىقىڭ ئاستىغا كىرىدۇ. ئىشلىرىڭنى ياخشى باشقۇر، تىرىشقىن، دوستلىرىڭنىڭ قەدرىنى بىل» دېدى.

بۆگۈ قاغان ئەسكەرلىرىنى توپلىدى ۋە ئۇلاردىن تاللاپ 300 مىڭنى سۇنقۇر تېكىنگە بەردى. ئۇنىڭغا قىرغىز ۋە موڭغۇل تۇپراقلىرىغا قوشۇن تارتىشقا ئەمر قىلدى. 100 مىڭ ئەسكەرنى قۇتۇر تېكىنگە بەردى ۋە ئۇنىڭغا تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەمر قىلدى. تۇكەل تېكىنگە تىبەت تەرەپتە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئۆزى 300 مىڭ ئەسكەر بىلەن تابغاچقا يۈرۈش قىلدى. يەنە قېرىندىشى ئور تېكىننى⑩ پايتەختتە، ھۆكۈمرانلىق تىكلىگەن جايىدا قويىدى. يۈرۈشكە چىققان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى زەپەر بىلەن قايتىپ كەلدى. ئېلىپ كەلگەن غەنىيمەتلەرنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. تۆت تەرەپتىن ئادەملەر ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئورخۇن دەريا بويىدا ئوردۇبالىق ئىسمى بىلەن بىر پايتەخت بىنا قىلدى، كۈنچىقىشتىكى پۈتۈن ئەللەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇقى ئاستىغا كىردى.

قاغان بىر كۈنى ئۇخلاۋاتقاندا چۈشىدە ئاپپاق كـ-
يىنگەن، ياشانغان بىر بوۋاينى كۆردى. بوۋاي ئۇنىڭغا قا
رىغاي مەردىكى چوڭقۇلۇقىدىكى بىر قاشتېشى بەردى ۋە
شۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن شۇ تاشنى مۇھاپىزەت قىلا-
لىساڭ، پۈتۈن دۇنيا سېنىڭ ئىلكىڭگە كىرىدۇ»⑪. بۆگۈ
قاغاننىڭ ۋەزىرىمۇ دەل شۇ كېچىسى ئوخشاش چۈشنى
كۆرگەنىدى. ئەتىگەندە ھەممەيلەن توپلاندى. بۇ قېتىم
غەربتىكى ئۆلكىلەرگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلىشتى.
بۆگۈ قاغان تۈركىستانغا بارغاندا ئۇ يەردە سۈيى مول،
يېشىللىققا پۈركەنگەن، كەڭ كەتكەن بىر زېمىننى كۆردى.
كۆڭلىگە ياققان بۇ يەردە ھازىر قۇز بالىق دەپ ئاتىلىۋاتـ-
قان بالاساغۇن شەھىرىنى قۇردى. كېيىنچە ئەسكەرلىرىنى
تۆت تەرەپكە يوللاپ 12 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇ
يەرلەردىكى بارلىق ئەللەرنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭغا
تىكلىپ قارىيالايدىغان بىرمۇ ئەل قالمىدى⑫. ئۇلار شۇ
قەدەر ئىلگىرىلەپ كەتتىكى، ئىنسانغا ئوخشايدىغان مەخـ-
لۇقلارغا ئۇچراپ قالدى⑬. قوشۇن ئۇ يەردىن ئۆتەرىدە
ئادەم ياشىمىغان بىر يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ
قايتىپ كېتىشتى. بەگلەر ئۆز ئېلىگە قايتقاندا ئۆزلىرى
بويسۇندۇرغان مەملىكەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنىمۇ قاغانغا
سالامغا ئەكەلدى. پەقەت ھىندى پادىشاھى بەك سەت
بولغاچقا، ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنمىدى. غەنىيمەتلەر بەگـ-
لەرنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاساسەن ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلدى.
ئەسىرگە چۈشكەن پادىشاھ ۋەزىرلەرگە تاپشۇرىدىغان
ئولپانلىرىنى ئېيتىپ قايتا ۋەزىپىلىرىگە يوللاندى. بۆگۈ
خان ئۆلگەنگە قەدەر بەخت ئىچىدىكى ھايات داۋام
ئەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەشبالىقتىكى ھەر بىر ئۆيدە ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ تۆرەلگىنىگە ئىشىنىدىغان دەرەخنىڭ بىرەر تال
شېخى تېپىلاتتى.

«كۆچ» داستانى (جۇۋەينى رىۋايىتىگە ئاساسەن)

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ياشىغانىدى. بۇ ئادەم
يۇرتىدىكى ئىككى ياغاچنىڭ ئارىسىغا بىر چېدىر تىكتى ⑭
ۋە چېدىرنىڭ ئىچىگە پات-پات باللىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ
ئارىلاپ ئوت ياندۇردى. توۋلاپ ئەكەلگەن بەزى ئادەمـ-
لەرگە بۇنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئۇ يەرگە توپلىدى. بۇ
ئادەم چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھامان تىزلىنىپ ئۇ بوـ-
ۋاقلارغا ھۆرمەت كۆرسەتتى ۋە باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق
قىلىشىنى ئېيتتى. نادان ۋە بىلىمسىز خەلق بۇ ئادەمگە ئالـ-
داندى ۋە ئۇ بوۋاقلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىشكە باشلىدى.
ئۇ بوۋاقلارنى ئېلىپ كېتىپ ئالاھىدە مۇئامىلىدە چوڭ
قىلدى ھەم ئىچىدىن بىرىنى خان قىلىپ سايلىدى.
شۇنداق بىر كۈن كەلدى. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارغا ھەر
تەرەپتىن، ئەتراپىدىكى قوۋملارنىڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنىشىـ-
دىن، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ئىتلارنىڭ ھۇۋلىشىدىن، كالىـ-
لارنىڭ مۆرىشىدىن، قوي، ئۆچكىلەرنىڭ مەرىشىدىن قۇشـ-
لارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن، بوۋاقلارنىڭ يىغلىشىدىن، قىسقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا ھەممە نەرسىدىن «كۆچ-كۆچ» دېگەن
ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ سەۋەبتىن ئورنىدىن
تۇردى، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىنىڭ كەلگىنىگە ئىـ-
شەندى. ئۇلار كەلگەن ھەر يەردە يەنە شۇ ئاۋازنى ئاڭلىـ-
دى، ئاخىر باشقا بىر دۆلەتكە كەلگەندە ئۇ ئاۋاز توختىـ-
دى ۋە ئۇلار بەش مەھەللىلىك بىر شەھەر قۇردى. بۇ
يەرگە بەشبالىق ئىسمىنى بەردى. شەھەر كۈندىن-كۈنگە
چوڭايدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يەرگە يەرلەشكەن ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ باللىرى بەگلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ بېشى ئىدىـ-
قۇت دېيىلمەكتە ⑮.





«كۆچ داستانى» (ئېلىمىزدىكى مەنبەلەرگە ئاساسەن)

تۇرپان ئۇيغۇر خاندانلىقىنى «ئىدىقۇت» دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي ئانا ماكانى قاراقۇرۇم دېگەن يەردىن ئىدى. يۇلۇن تېكىن تەختكە چىققان ۋاقىتتا، تابغاچلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. كېيىن ئۆز خەلقىگە راھەت ئاتا قىلىش، تابغاچلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىش مەقسىتىدە تابغاچ ئوردىسىدىن بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىپ، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئوردىسىنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن يىراقلاشتۇردى، ئوغلىنىمۇ بىر تابغاچ مەلىكە بىلەن ئۆيلەندۇردى. بۇ خوتۇن قاراقۇرۇمدىكى بىر تاغدا ئولتۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئىسمى شۇنىڭ ئۈچۈن «قاتۇن ئولتۇرغان تاغ» دېيىلدى. بۇ تاغقا «تەڭرى قولى تاغى»⑯ دېگەن ئىسىممۇ بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭمۇ جەنۇبىدا بىر تىك قىيالىق يەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىسمى «قۇتلۇق تاغ» ئىدى. مەنىسى «ياخشىلىق ۋە سائادەت كەلتۈرگەن تاغ» دېگەنلىكتۇر.

شۇ ئارىلىقتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئۇلار ئۇيغۇر دۆلىتى ھەققىدە ئۇچۇر توپلىماقچى ئىدى. بۇلار ئۆز ئىچىدە شۇنداق دېيىشتى: «قاراقۇرۇمنىڭ قۇدرىتى ۋە بايلىقى بۇ تاغ سايىسىدە بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ تاغنى يوقىتىپ، تۈركلەرنىڭ دۆلىتىنى ئاجىزلىتايلى». بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇيغۇر ئېلى دۆلىتى پادىشاھىغا: «سىز بىزنىڭ مەلىكىمىز بىلەن ئۆيلەندىڭىز. بىزمۇ سىزدىن بەزى ئىشلار ئۈچۈن ياردەم سورايمىز. قۇتلۇق تاغنىڭ تاشلىرى سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە ئىشلىتىلمەيدۇ. سىزنىڭ نامىڭىزدا بۇ تاغنى بىز ئىشلىتەيلى» دېدى. بۇ ئىشتا ئۇلار ئۇيغۇر قاغانى بىلەن كېلىشتى. تاشلارنى تابغاچ ئېلىگە ئېلىپ كېتىشنى ئويلىدى. لېكىن تاشلار بەك ئېغىر ئىدى. كۆتۈرۈشنىڭ ئىمكانى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاشلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈردى. كېيىن ئۈستىگە كىسلاتا تۆكتى. كېيىن تاشلار پارچىلاندى، شۇنداق قىلىپ تاشلارنى تابغاچقا يۆتكىدى. تاشلار يۆتكىلىپ بىر ئازدىن كېيىن ھايۋانلار ۋە قۇشلاردىن «كۆچ-كۆچ» دېگەن ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى، يۇلۇن تېكىنمۇ 15 كۈن ئىچىدە ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغانلارمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار تۇرپانغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى. تۇرپاننىڭ باشقا بىر ئىسمى قوچۇ ئىدى، ئۇلار بەشبالىقتا ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ ئاستىغا توپلاندى ⑰.

ئىزاھاتلار:

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەت 13-ئەسىر ئىلخانلار دۆلىتى تارىخچىسى ئاتا مەلىك ئالائىددىن جۇۋەينىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي جاھانكۇشاي»دا بايان قىلىنغان.

① ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھىنگان تاغلىرى بولۇپ، قاراقۇرۇمدىن كەلگەن بەزى ئېقىنلارمۇ بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ ۋە ئورخۇن دەرياسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ ئاقىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە «جامىئۇت تەۋارىخ»نىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدا يەنە ئۇيغۇر ئېلىدە ئىككى چوڭ تاغ بار. بىرىنىڭ ئىسمى بۇقارتۇرلۇق، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئاشقۇنلۇق تەڭرىم ئىدى. قاراقۇرۇم تاغلىرى بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى دېيىلىدۇ.

② ئوگداي چىڭگىزخاننىڭ 3 ـ ئوغلى. 1228 ـ يىلى قۇرۇلتايدا ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن خان بولغان ۋە 1242 ـ يىلى ئۆلگەن.

③ بۇ بۆلەك «جامىئۇت تەۋارىخ»تىن ئېلىندى ۋە داۋامىدا شۇ مەزمۇن ئورۇن ئالغان: ھەممىسى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىقلىرىدىن بولغان ئىشلىك قەبىلىسىدىن مەڭگۈتاي ئىسمى بىلەن بىرىنى تاللىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلتەبىر ئۇنۋانىنى بەردى.

④ بەزى يازغۇچىلارنىڭ نەشرىدە «بۇكۇ»، «بۇگۇ» شەكلىدە ئېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىز باھائىددىن ئۆگەلنىڭ تاللىغىنى «بۆگۈ» ئىسمىنى ئالدۇق. بۆگۈ قاغان (779 ـ 759) تۈرك تارىخىنىڭ جەلپكار سىمالىرىدىن بىرىدۇر. بولۇپمۇ جۇڭگوغا قىلغان يۈرۈشلەر ۋە بۇ ئارىدا دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان مانى دىنى ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. ئاخىرىدا بەگلەرنىڭ ئەسكەرتىشلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقتىن ۋە تۈركلەرنىڭ مىللىي دىنى بولغان كۆك تەڭرى ئىشەنچىسىنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆزى بىلەن قارشى تەرەپتە تۇرغان بىر گۇرۇھ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

⑤ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھۆججەتلەر قاراقۇرۇمدىكى كۆك تۈرك ھەرپى بىلەن ئويۇلغان مەڭگۈ تاشلار بولسا كېرەك.

⑥ تۇغلا ئورخۇننىڭ، ئورخۇن بولسا سېلىنگانىڭ تارمىقىدۇر.

⑦ نۇر ۋە كۆكتىن چۈشكەن يورۇقلاردىن ھامىلدار بولۇش مۇتىفى تۈرك داستانلىرىدا شۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇكى، موڭغۇللارمۇ بۇ خىل ئەھۋالدا تۈركلەرنىڭ خېلىلا تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. مەسىلەن، 4 ـ ئەسىردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا بىر تۈرك خاندانلىقى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى شىخلېنىڭ ئانىسىمۇ شۇنداق بىر نۇردىن ھامىلە بولغانىدى.

⑧ كونا تۈركلەرنىڭ سالاملىشىش شەكلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئېنىق بىلىنمىسىمۇ، نۇرغۇنلىغان تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغىنىمىزدا، بوۋىلىرىمىز ئالاھىدە ئورۇندىكى كىشىلەرگە تىزىنى (ئېھتىمال سول تىز) يەرگە قويۇپ، يۈكۈنۈپ سالام بېرىدىكەن. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا باشلىرىنى ئېگىپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ۋە دوپپىلىرىنى چىقىرىپ سالاملاشقىنىنى كۆرىمىز. بابۇرنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، كىچىك بەگلەر ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توققۇز قېتىم، قايتقاندا بولسا يەنە توققۇز قېتىم تەزىم قىلىدىكەن.

⑨ بۇ يەردىكى قاغا مۇتىفى سىمۋول خاراكتېرلىك بولۇشى كېرەك، بۆگۈ قاغاننىڭ يات ئۆلكىلەردە مۇھىم بىر جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

⑩ «ئۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى مەركەز، پايتەخت ياكى قارارگاھ.

⑪ ئەرەبچە مەنبەلەردە خوتەن تېررىتورىيەسىدە ئىككى يەردىن قاشتېشى چىققانلىقتىن، شۇنداقلا بۇلاردىن بىرى كۆچ تېشى دېيىلگەچكە، تۈركلەرنىڭ قىلىچلىرى، كەمەرلىرى ۋە ھەتتا ئېگەرلىرىنى شۇلاردىن جابدۇغانلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. قاشتېشىدىن ئېگەر ياساش ۋە سوۋغا قىلىش ئەنئەنىسى تۈركلەردە مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغلاردىن باشلاپ داۋاملاشقان ئەنئەنىدۇر. خەنزۇچە ۋەسىقىلەرگە قارىغىنىمىزدا، 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگونىڭ ئوردۇس رايونىنىڭ جەنۇبىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاكىمىيەت قۇرغان ۋە ھۇنلارنىڭ داۋامى بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان شيا خاندانلىقىنىڭ تۇنجى بېگى خې ليەن (تەڭرىكەن) پوپو جەمەتىنى جۇڭگونىڭ ئەپسانىۋى سۇلالىسى بولغان شيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ. بۇ ئىدىيە بىزگە نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز ئەمەس. بەلكىم بۇ خاندانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى ياكى بىر تەركىبى يۈزدەيۈز تۈرك بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ تەڭرى پوپوغا ئائىت ئۇچۇرلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇ شۇنداق دەيدۇ: نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى جۇڭگو قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغاندا، تەڭرى ئاتام تا يۇگە قاشتېشىنى بېرىپ ئۇنى پەرىشان بولغان ئىنسانلارغا ھۆكۈمدار قىلدى.

⑫ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى، بولۇپمۇ بۆگۈ قاغان زامانىدىكى تۈرك تارىخىغا قارىغىنىمىزدا ئۇيغۇر ـ تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ غەربىگە كەلمىگەنلىكى مەلۇم.

⑬ بۇ يەردىكىلەر ئوغۇز قاغان داستانىدىكى ئىت باراق قوۋمىنى خاتىرىلىتىدۇ.

⑭ بۇ تۆرىلىش داستانىدا تىلغا ئېلىنغان دەرەخلەر بولۇشى مۇمكىن.

⑮ 866 ـ يىللىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەھبىرى بۆگۈ تېكىن ئىدى، شۇنداقلا ئۇ تۇرپاننى بويسۇندۇرغانىدى. باشمىللارنىمۇ ئۆزىگە قاراتقان بولۇش ئېھتىماللىقى چوڭ بولغان بۆگۈ تېكىن باسمىل تۈركلىرىنىڭ قوللانغان ئىدىقۇت ئۇنۋانىنى تاللىدى.

⑯ تېكىستتە «Tien – ko– li– yu Ta–ha» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، «كۆك روھلىرىنىڭ تېغى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ بىز يەنىلا باشقىچە ئىسىم قويدۇق.

⑰ كۆچ داستانىدىكى ۋەقەلەر ۋە يەرلەر تارىخىي ھەقىقەتلەرگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە ۋەتەنىنىڭ قولىدىن كېتىشى تۈركلەرنىڭ پەرىشان بىر ئەھۋالغا چۈشكىنىنى بىلدۈرمەكتە.

(ئاپتور: تيەنجىن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2012 ـ يىللىق مائارىپ تېخنولوگىيەسى دوكتورانتى)

# سۇداندىكى باركال تېغى ۋە ناپاتا

**1. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۇستى ئوچۇق مۇزېيى**

باركال تېغى ۋە ناپاتا رايونىدا، ئارخېئولو-
گىيەلىك قەدىمىي خارابىلىكلەردىن بەشى بار. بۇ
يەر نىل دەريا ۋادىسىنى بويلىغان 60 كىلومېتىر-
لىق دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى خا-
رابىلىكلەر كۇش (Kush) Ⅱ ـ پادىشاھلىقىدىكى
ناپاتا (Napata) مەدەنىيىتى بىلەن مەيرو
(Meroe) مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي شاھىتى. ئارخې-
ئولوگلار خارابىلىكتىن ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە
20 دىن ئارتۇق ئەلئېھرام بىلەن نۇرغۇن قەبرە،
بۇتخانا ۋە ئوردا ـ ساراي قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى
بايقىغان. 2003 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكى-
لاتى ئىلىم ـ پەن، مائارىپ تەشكىلاتى ئىنسانىيەت
مەدەنىيەت مىراسى دەپ بېكىتكەندىن كېيىن
«دۇنيا مىراسلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن.

نىل دەرياسى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن
دەريا. ئۇ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي شى-
مالىدىن ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 6
مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئۇ دۇنيادىكى بىردىن-
بىر جەنۇبتىن ـ شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان دەريا.

نىل دەريا ۋادىسى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆ-
شۈكى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقى كۆزنى قاماشتۇرى-
دىغان قانچىلىغان مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن-
لىكى، قانچىلىغان ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ
جەۋھەرلىرىنى خاتىرە قالدۇرغانلىقى، قانچىلىغان
تارىخنىڭ سىرىنى كۆز قارىچۇغىدەك ئاسراپ
ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن تا بۈگۈنگىچە كىشى-
نى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. نىل دەرياسى-
نى تىلغا ئالغاندا، كىشىلەر ئالدى بىلەن قەدىمكى
مىسىرنى ئەسكە ئېلىشىدۇ، يەنە شۇنىڭدەك نىل
دەريا بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەل ئېھرام-
لارنى ئەسكە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مىسىرنىڭ جە-
نۇبى، سۇدان جېگراسىنىڭ ئىچىدىكى نىل دەريا
ساھىلىدا، يەنە بىر تۈركۈم دۇنياغا مەشھۇر خارا-
بىلىكلەردىن ــ باركال تېغى ۋە ناپاتا ئارخېئولو-
گىيەلىك قەدىمىي خارابىلىكلەر بار.

قەدىمكى نۇبىيە (Nubia)لىكلەر ئافرىقا
قىتئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر رايوندا ياشى-
غان بولۇپ، بۇ رايون ھازىرقى مىسىرنىڭ جەنۇ-
بىي بىلەن سۇداننىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.













نۇبيە چېگراسىنىڭ بىر تەرىپىدە نىل دەرياسى بىلەن
سەھرايى كەبىر قۇملۇقى، يەنە بىر تەرىپىدە قىزىل دېڭىز
بار. نىل دەرياسى سۇداندىن ئېقىپ مىسىرغا كىرىدۇ.
«نىل، نىل، سامانيولىدەك ئۇزۇنسەن !» بۇ سۇدانلىقلار-
نىڭ نىل دەرياسىنى مەدھىيەلەيدىغان تەمسىلى.

نۇبيە ئاتالغۇسى، ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمال رايونى-
نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتىلىشى. نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى
قەدىمكى مىسىرلىقلار سۇداننى نۇبيە دەپ ئاتىغان. ئومۇ-
مەن نۇبيەنىڭ شىمالىي نىل دەرياسىنىڭ 1 ـ شارقىراتمىسى-
غا، شەرقىي قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي خارتۇمغا،
غەربىي لىۋيە قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرەپنىڭ
يېرىم بۆلۈكى تاكى نىل دەرياسىنىڭ 2 ـ شارقىراتمىسىنىڭ
جەنۇبىي ئۇچىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ. بۇ يەر قەدىمكى
مىسىر 18 ـ خاندانلىقىنىڭ فىرئەۋنى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋات-
قان مەزگىلدە «كۇش» دەپ ئاتالغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6000 ـ يىللىرى نۇبيە رايونى-
دىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئوۋ ئوۋلاش،
بېلىق تۇتۇش، چارۋىچىلىق ۋە ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق
قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باباراۋەر ئىجتىمائىي تۈزۈل-
مە شەكلى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان. قانچە مىڭ يىل-
لاردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، گەرچە بۇ رايوننىڭ
بەزى جايلىرىنى نۇبيە قۇملۇقى يۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ،
ئەمما قەدىمكى نۇبيە يەنىلا ئىنتايىن مول قەدىمكى مەدە-
نىيەتلەرنىڭ ماكانىدۇر. نۇبيەلىكلەر جۇغراپىيەلىك ئورنى-
نىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ شەرقتە ئەرەبلەر بىلەن
شىمالدا ئۆزلىرى بىلەن قانداش قەدىمكى مىسىرلىقلار ۋە
ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى خەلقلەر بىلەن ئۆزئارا بېرىپ-
كېلىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما جەنۇبتىكى
ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئافرىقىلىق مىللەتلەر بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن
مىسىر بىلەن ئافرىقا، تروپىك بەلباغ ئىچكى قۇرۇقلۇقى
ئوتتۇرىسىدا گۈللەنگەن، قايناق سودىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋا-
ستىچىلىك رولىنى ئويناپ ئەۋلادمۇئەۋلاد سودا بىلەن
شۇغۇللانغان. ئافرىقا تروپىك ئىسسىق بەلباغ ئىچكى قۇ-
رۇقلۇقىدا، نۇرغۇن تەبىئىي، قىممەتلىك كان بايلىقلىرى
بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە پىل چىشى، سۆسۈن كىرىس-
تال، قارا پىروسپىلتىس دەرىخى، كۆجە، تۆگىقۇش تۇخۇمى
بىلەن پېيى، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ تېرىسى قاتار-
لىق بايلىقلارمۇ ناھايىتى مول ئىدى.

سۇداننىڭ جايلاشقان ئورنى نىل دەرياسىنىڭ يۇقى-
رى ئېقىمىدا بولغاچقا، مىسىر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن
كېيىن (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3100 ـ يىلى)
سۇدان قەدىمكى مىسىر كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئوب-
يېكتى بولۇپ قالغان. شۇڭا نۇبيە بىلەن مىسىرنىڭ مۇنا-
سىۋىتى ئۇرۇش ۋە تالان-تاراج قىلىش ئاساسىدا راۋاجلى-
نىپ ماڭغان. نۇبيەنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى قېزىش، مە-
سىرنىڭ 1 ـ خاندانلىقىنىڭ فىرئەۋنىدىن باشلانغان. يەنە
تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2613 ـ يىلى فىرئەۋن
سىنېفرۇ (Snefru) تەپتارتماي نۇبيەنى تالان-تاراج
قىلىپ، يەرلىك مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلغان. 5 ـ ۋە 6 ـ خا-
ندانلىق مەزگىلىدە، مىسىرنىڭ ئاسۋان (Aswan) ئۆلكى-
سىنىڭ نايىبى نۇبيە بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك سودا ئىشلى-
رىنى يولغا قويۇشنى باشلىغان بولسىمۇ لېكىن بۇ خىل
سودا كۆپ ھاللاردا قوراللىق توقۇنۇش جەريانىدا ئېلىپ
بېرىلغان.

نىل دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى شەرقىي ئافرىقا
چوڭ جىلغىسى بىلەن تۇتاشقان ئېگىزلىكتە بولۇپ، سۇدان-
دىكى خارتومنىڭ شىمالىدىن تاكى ئاسۋان سۇ توسمىسىغى-
چە بىر قانچە «S» شەكىلدىكى ئەگرى يۆنىلىشلىك ئېقىن-
نى ھاسىل قىلغان. مىسىردىكى ئاسۋاندىن سۇدان پايتەختى
خارتومغىچە، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سانالغان نىل دەر-
ياسىدىكى ئەڭ داڭلىق شارقىراتما، يەنى 1 ـ شارقىراتمى-
دىن، 6 ـ شارقىراتمىغىچە مۇشۇ دەريا بۆلىكىدە تەرتىپلىك
جايلاشقان. 3 ـ شارقىراتمىدىن 4 ـ شارقىراتمىغىچە بولغان
ئارىلىقتىكى دونگولا رايونىنىڭ سۇيى مول، تېرىلغۇ يېرى
كەڭ بولغاچقا، بەلكىم كۇش خاندانلىقىنىڭ ئاساسلىق را-
يونىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. خارتومنىڭ شىمالىدىكى
6 ـ شارقىراتما، نۇبيەنى جەنۇب ۋە شىمالغا ئايرىيدىغان
چېگرانى شەكىللەندۈرگەن. يەنە شىمالغا قاراپ تاكى 5 ـ
شارقىراتمىغىچە سوزۇلغان بۆلەك كەڭ كەتكەن شەندى
تۈزلەڭلىكى شۇنداقلا كېيىنكى نۇبيەلىكلەر قۇرغان
مەيرو پادىشاھلىق دۆلىتىنىڭ جايلاشقان ئورنى ئىدى.

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1920 ـ يىلى مىسىر
پادىشاھى سەينۇسلەيت (Sainusilaite) ئۆزى باش بولۇپ
قوشۇن باشلاپ، نىل دەريا ئېقىنىدىن يول ئېلىپ، قارا
تەنلىك نۇبيەلىكلەرنىڭ تېررىتورىيەسىگە ھۇجۇم قوزغى-
غان ھەم مىسىرلىقلار بۇ زېمىننى «كۇش» دەپ ئاتىغان.
بۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىللە سودا-سېتىق قىلىپ،
ئۇچار قۇشلار، پىل چىشى ۋە خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەر-
نى ئۆزئارا مالغا ئالماشتۇرغان.

بۇ يەرگە مىسىرلىقلارنىڭ كۆزى ئالىبۇرۇن تىكىل-
گەنىدى. چۈنكى بۇ يەرنىڭ بىرىنچىدىن، يەر ئاستى

بايلىقى ئىنتايىن مول، بولۇپمۇ سېرىق ئالتۇن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار بۇ يەردە ئىنتايىن كۆپ چارۋا ماللارغا ئېرىشەلەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مىسىرلىقلار كۇش ئارقىلىق ئافرىقا قىتئەسىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، بۇ ئىككى خاندانلىق ئەنە شۇنىڭدەك بىر يۈرۈش تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بارغان. كۇشلۇقلارمۇ مىسىرنىڭ نۇرغۇن بايلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئۆزىنىڭ پايتەختى بولغان كولمار (Colmar)غا ئېلىپ كەتكەن. كولمار نىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى 3 ـ شارقىراتمىغا يېقىن ئەتراپتا قۇرۇلغان. بۈگۈنكى ئورنى سۇدان چېگراسى ئىچىدە.

گەرچە خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ 1000 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان، كەلكۈن كەتكەن جاينى (1 ـ شارقىراتمىدىن 6 ـ شارقىراتمىغىچە) قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ بۇلىقى دەپ قارىغان. ئەمما نۇبىيەگە ھېچقانداق يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن بۇ يەرگە نىسبەتەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش پەيدا بولغان.

1820 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، مىسىر نايىبى، ئەرەبلىك مۇھەممەد ئەلى پاشا 4000 كىشىلىك چوڭ قوشۇننى بۇيرۇق بىلەن قاھىرەدىن يولغا سېلىپ، نىل دەرياسىنى تەتۈر ئېقىم بويىچە بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ قېتىملىق ئۇزۇن سەپەرنىڭ تۈپ مەقسىتى ئالتۇن كېنى چارلاپ تېپىش ۋە قېزىش ئىدى. ئۇلار فىرانسىيە مىنىرالوگى ۋە گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى فرېيدېرىك. كېللىئود (Freyderk. Kellyodd) بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى پىيېر. لېتوزاك (Pierre.Letozack) ئىككىسىنىڭ بۇ قوشۇنغا ئەگىشىپ مېڭىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خۇش بولۇشقا ئەرزىگۇدەك ئىش ئىدى. بۇ قېتىملىق ئۇزۇن سەپەردە، كېللىئود ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى لېتوزاك سۇدانغا تۇنجى قېتىم كېلىپلا، يان تاملىرى تىك ياسالغان مېرو ئەل ئېھرامىنى كۆرگەن. شۇنداقلا تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن سۇدان ئەل ئېھرامىنى كۆرگەن ياۋروپالىق كىشىلەر بولۇپ قالغان. 1826 ـ يىلى كېللىئود ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغاندا، مۇشۇ قېتىملىق نىل دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان سەپىرىنى بايان قىلغان. كىتابقا يەنە قوشۇمچە قىلىپ ئۇلار سىزغان خەرىتە ۋە نەق مەيداننىڭ ئاددىي سىزما تەسۋىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئەل ئېھرامغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپلا قالماي، يەنە كېيىنكىلەرنىڭ مەرونى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈپ قېزىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان.

نۇبىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز قېدىرىپ تەكشۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ نۇبىيەگە بولغان چۈشەنچىسى بارغانسېرى ئاشقان. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللار ئەتراپىدا ئەسلىدىكى نۇبىيە رايونىنىڭ جەنۇبىدا، بۈگۈنكى سۇداننىڭ شىمالىدىكى نىل دەريا ۋادىسىدا، تارىختىكى 1 ـ قارا تەنلىكلەرنىڭ دۆلىتى — كۇش پادىشاھلىقى بارلىققا كەلگەن. نىل دەرياسىنىڭ 1 ـ شارقىراتمىسىدىن، بۈگۈنكى سۇداننىڭ پايتەختى خارتومغىچە سوزۇلغان نىل دەرياسىنىڭ ئەسلى ئېقىنىدا توختىماستىن ئۇرۇش قىلغان كۇش پادىشاھلىقى بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى سۇدان تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

مىسىر 11 ـ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، خاندانلىقنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلىغان ۋاقىت بولۇپ، كۇش پادىشاھلىقى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەدەپ تېررىتورىيە كېڭەيتىشى قىلغان. ئۇ شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، مىسىرنىڭ جەنۇبىي رايونىنى پىلە قۇرتىدەك يەپ ماڭغان. كېيىن يەنە تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 17 ـ ئەسىردە، مىسىرنىڭ شىمالى تېخىمۇ چوڭ خەۋپكە دۇچ كەلگەن: خېكسوس (Hyksos) خاندانلىقىنىڭ تاجاۋۇزچى چوڭ قوشۇنى پەلەستىندىن باشلاپ يول بويى قىرىپ ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن نىل دەرياسى دېلتىسىدىكى خەلقلەرنى سۈر توقاي قىلىپ، مىسىر فىرئەۋنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان. مىسىر فىرئەۋنى جەنۇبتىكى تېبىسقا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن. مىسىر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەلۇم ھەربىي قورغانلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، جەنۇبتىن ئاسۋانغىچە قىسقارتىلغان. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەنكى نۇبىيەدە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ئەڭ ئالىي رەھبەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تارمار قىلىنىپ، كۇش پادىشاھلىقى ئۆز تەسىر كۈچى بىلەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغان. گىلگىزا (GilGiza)دا، ئارخېئولوگلار مىسىر قەلئەسىنىڭ ناھايىتى ئېگىز سېپىل تېمىغا يېقىن يەردىن، بىر ئوپچە قەبرىستانلىقنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە 22 نەپەر كېرما (Kerma) ئوردا قاراۋۇلنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. پۈتكۈل تۆۋەنكى نۇبىيەدە نۇرغۇن كېرمادىكى قەبرىلەرگە ئوخشاش شەكىلدىكى قەبرىستانلىقلار بايقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مىسىر ھەربىي قورغانلىرىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تارىخنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، مىسىرنىڭ شىمالىي قىسمىنى خېكسوس خاندانلىقى بويسۇندۇرۇۋاتقان

مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن پەرەز قىلغاندا، كېرما پادىشاھلىقىنىڭ شاھى، ئەسلىي مىسىر ھەربىي قورغانلىرىغا ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ھەم شۇ ئارقىلىق مۇشۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋېلىشنى پىلانلىغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى كۇش پادىشاھلىقىغا، مىسىر ھەربىي قوشۇنىنىڭ توختىماستىن تاجاۋۇز قىلىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، مەدەنىيىتىمۇ بىللە سىڭىپ كىرگەن. مىسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتى كۇش مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر مۆھۆرىنى باسقان. كۇش دۆلىتىنىڭ بىرقىسىم سىياسىي تۈزۈلمىلىرى ئەڭ دەسلەپ مىسىردىن قوبۇل قىلىنغان. پادىشاھ مىسىر فىرئەۋنىنىڭ بيۇروكراتسىيەسىگە تەقلىد قىلىپ، ئۆز مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن ھەم ئۆزى ئەڭ ئالىي ھوقۇقتىن شەخسەن بەھرىمەن بولغان.

نۇبىيەلىكلەرنىڭ دەسلەپكى دىنىي قۇرۇلۇشلىرى شىدەيفۇفا (XiDaifufa) خارابىلىكىگە يېقىن يەردە بولۇپ، بۇ كۇش پادىشاھلىقىنىڭ تۇنجى پايتەختى كېرما ئىدى.

1913-يىلى ئارخېئولوگلار كېرما شەھەر ئەتراپىدىكى ئۈچچە قەبرىستانلىقتىن نەچچە مىڭ تۈمەن قەبرىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز چوڭ قەبرە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ، ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. ئەڭ چوڭ قەبرە خۇددى پۇتبول مەيدانىچىلىك بولۇپ، بۇ چوقۇم بىر ئېسىلزادە، چوڭ ئەمەلدارنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ جەسىتى بىر كارىۋات ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتقان ھالەتتە، جەسەتنىڭ ئەتراپىدا تەكشى يېيىلغان ئالتۇن، ئالتۇننى چۆرىدەپ تۇچتىن ياسالغان ئەسۋابلار بىلەن پىل چىشىغا ئويۇلغان ئويمىلار ۋە رەڭلىك سىزما سىزىلغان ساپال قاتارلىق نەپىس قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تىزىلغانىدى. لەھەتنىڭ يان تېمى بىلەن كارىۋاتتىكى ئالتۇن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە يەنە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بىر لەخمە بار بولۇپ، لەخمىنىڭ ئىچى تولغۇشۇپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن جەسەتلەر بىلەن تولغان، ئەر-ئايال، قېرى-ياش بولۇپ تەخمىنەن 322دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ جەسىتى بار ئىدى.

ئارخېئولوگلار يەنە چارلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، شىدەيفۇفا دەپ ئاتالغان بۇ ھەيۋەتلىك كېسەكتىن سېلىنغان ئىمارەتنىڭ ئورنى بىلەن ئۈچچە قەبرىستانلىقنىڭ ئارلىقىنىڭ توققۇز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ قۇرۇلۇشلارغا پەقەتلا تاش ماتېرىيال ئىشلىتىلمىگەن، ھازىرقى توپا دۆۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى 60 ئىنگلىزچىسى كېلىدۇ. بۇ توپا دۆۋىسىنىڭ ئەسلىي ھالىتى پۈتۈنلەي خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئىمارەت ئىدى. بۇ يەردىكى بەزى سوقما تاملارنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئادەم سىغقۇدەك كەڭلىكتە يول بار، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە بىر قانچە ئەگمە ئىشكلەرمۇ بار. بۇ ئىمارەتنىڭ غەربىي يان تەرىپىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر قانچە ئېغىز كېسەك ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مىسىرلىقلارنىڭ بەزىبىر جابدۇق-سايمانلىرىنىڭ قالدۇقلىرى قېپقالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە گەجدىن ياسالغان كۆپ، رەڭلىك ساپال، تاشتىن ياسالغان قاچا-قۇچىلار، مارجانلار، خىرۇستال ۋە مىستىن ياسالغان ئەسۋابلار بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئارخېئولوگلار يەنە 565 دانە، ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىرنىڭ لاي تامغىسى (ماللارغا لايىسمان ماددىنى چاپلاپ پېچەتلەپ ئۈستىگە تامغا ئۇرۇلىدۇ) نى بايقىغان. شۇڭا بەزىلەر بۇ يەر بەلكىم بىر پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ياكى نىل دەريا ساھىلىدىكى ئامبار بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىمارەت ئەڭ دەسلەپكى ئىبادەتخانا بولۇشى مۇمكىن. مەشھۇر ئارخېئولوگ ئالىمى بوننەت (Bonnet) شىدەيفۇفانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ، قەدىمىي كېرما، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوش مەركەز قىلىنغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000-يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، كېرما ئاستا-ئاستا راۋاجلىنىپ تاكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تازا گۈللەنگەن، يەر مەيدانى 10 مىڭ كىۋادرات مېتىردىن ئېشىپ، ئاھالىسى تەخمىنەن 2000 مىڭ كىشىلىك شەھەرگە ئايلانغان. مۇتىۋەللى، ئەمەلدارلار، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر ۋە دېھقانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپى سوقما تاملىق سېپىل بىلەن قورشالغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى شىدەيفۇفانىڭ ئەتراپىدىن نۇرغۇن ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسى قېزىپ بولۇندى. ئارخېئولوگلارمۇ شەھەر مودېلىنى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولدى. سۇدان ھۆكۈمىتى ھازىر بۇ خارابىلىكنىڭ مەركىزىگە بىر مۇزېي قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تېبېستىن چىقىپ كەتكەن مىسىر فىرئەۋنى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، يېڭىباشتىن مىسىر تېررىتورىيەسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر مەيدان ھەرىكەت ئېلىپ باردۇ. ئۇلار تۆۋەنكى نۇبىيەنىڭ مۇنبەت تۈزلەڭلىكىدە تەلتۆكۈس تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، چوڭ قوشۇن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە، ئېكىنزارلىق بىلەن ئاشلىق ئامبارلىرى

كۆيدۈرۈلۈپ، كەپە ۋە ئالچۇقلار، تاشتىن سېلىنغان قورۇجايلار تۈزلىنىۋېتىلدى. ئەسكەرلەر كىرمىغا كەلگەندىمۇ مەشئەل بىلەن پۈتۈن شەھەرنى ئالا قويماي كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئەسلىدىكى قايناق سودا مەركىزى بىردىنلا تۈزلىنىپ، شىدەيفۇغا ئىبادەتخانىسىمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. كىرمادىكى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ناھايىتى چوڭ سېپىل تېمىدىن، ئەينى ۋاقىتتىكى كەڭ كۆلەملىك كۆيدۈرۈپ يوقۇتۇش بىلەن بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىزنالىرىنى تا بۈگۈنگىچە ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ دەل مىسىر 18-خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى تۇتمۇس I نىڭ (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1525-يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1512-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە ئولتۇرغان 2-يىلى بولۇپ، ئۆزى بىۋاسىتە ئەسكەر باشلاپ، نۇبىيەگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ يەرنىڭ ئالتۇن كېنىدا بولۇپ، يەنە كۇش پادىشاھلىقىدەك بالايىئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنىمۇ پىلانلىغان. شۇڭا ئۇنىڭ پاراخوت ئەترىتى نىل دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ، جاپالىق سەپەرگە ئاتلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە كارنىسا بىلەن كورگوسنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەپ بېكىتكەن. يول ئۈستىدىكى ئابىدە تاشلارغا ئويۇلغان پۈتۈكلەر، ئۇنىڭ 4-شارقىراتمىدىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكىگە شاھىد بولالايدۇ. ئۇ مىسىر زېمىنىدىن جەنۇبقا قاراپ ئىچكىرىلەپ مېڭىپ ئەبۇھەمەد تۈزلەڭلىكىگە كېلىدۇ. تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۇتمۇس I ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئوتتۇرا پادىشاھلىق دەۋرىدە ياسالغان تېبستىكى ئامون ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلىپ يېڭىلىغان ھەم ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلمىسىغا يېڭى تۈس ئاتا قىلغان. بۇ خىل يېڭىچە پاسون كېيىنكى يېڭى پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلۇش ئۇسخېمىسىغا ئايلانغان. ئۇ تېبستىكى پادىشاھلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان 1-پادىشاھتۇر.

تۇتمۇش I نىڭ ئوغلى تۇتمۇس II (مىسىر 18-خانىدانلىقىنىڭ خاقانى، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1512-يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1504-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۇشنىڭ شىمالىدىن بىر قەبىلە قۇتراپ باشلامچىلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىسىر ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا قارشى تۇرغان. بۇنداق توپىلاڭ ئەلۋەتتە نۇبىيەدە تۇرۇشلۇق مىسىر قوشۇنىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن تۇتمۇس II ئەسكەر ئەۋەتىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ، شۇ يەردىكى بارلىق ئەرلەرنى قىرىپ تاشلايدۇ. بىراق دەل ئاشۇ توپىلاڭچىلار سەردارىنىڭ ئوغلى، مىسىرلىقلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، مىسىر زېمىنىغا يالاپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. تاكى ئاسسىمىلياتسىيە بولغانغا قەدەر پادىشاھقا بېقىندى بولۇپ ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن.

تۇتمۇس II ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تۇتمۇس III (مىسىر 18-خانىدانلىقىنىڭ 4-ئەۋلاد پادىشاھى؟ — تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1450-يىلغىچە) تەختكە ئولتۇرىدۇ. تۇتمۇس III تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى 33-يىلغا كەلگەندە، ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، شىمالغا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، مەجىددونى ھۇجۇم بىلەن بېسىۋالدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە كادىش بىلەن بېقاۋەلىنىڭ (Bekaa Valley) قىسمەن شەھەرلىرىنىمۇ ئىشغال قىلىدۇ. مىسىرنىڭ بۇ فىرئەۋنى يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇدرەتلىك مىتاننى (Mitanni) پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قوزغايدۇ. نەتىجىدە مىتاننى پادىشاھى ھودۇقۇپ كېتىپ، ئالدىراپ-تېنەپ قېچىپ كېتىدۇ. 30دىن ئارتۇق خانىش-توقاللىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ. جەنۇب تەرەپتە تۇتمۇس III، 4-شارقىراتمىنىڭ شىمالىدىكى نوبىيە زېمىنىنى پۈتۈنلەي يۇتۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن كۇش پادىشاھلىقى ئەلتۆكۈس يىمىرىلىدۇ. مىسىر نۇبىيەگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى باركال تېغى ئەتراپىدىكى ناپاتاغىچە كېڭەيتىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەرگە ئامون ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرىدۇ. تۇتمۇس III تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە يەنە نوبىيەنىڭ يەرلىك ئالتۇن كېنىنى قېزىپ پايدىلانغان ۋە مىسىرغا زور تۈركۈمدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ كەتكەن.

مىسىرنىڭ تۇتمۇس III تىن كېيىنكى، نۇبىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى بەش ئەسىر داۋاملىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، نۇبىيەنىڭ يۇقىرى ئىجتىمائىي قاتلىمى تامامەن مىسىر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ بولغانىدى. مەيلى كىيىم-كېچەكتە بولسۇن ياكى دىنىي-ئېتىقاد، دەپنە مۇراسىملىرى قاتارلىق ھەر تەرەپلەردىن بولسۇن ئۇلار پۈتۈنلەي مىسىرچە بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان ئىزچىل ۋە قەتئىيلىك بىلەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆز مەدەنىيىتى، مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يۈكسەك راۋاجلانغان نۇبىيە مەدەنىيىتىنى — يەنى ناپاتا پادىشاھلىقى بىلەن مەيرو پادىشاھلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)



# ئۆرۈكنىڭ شىپالىق رولى

راخمانجان رۇسۇل

ئۆرۈك جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر قەدەر كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان ھەم كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىدىغان، دورىلىق قىممىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مېۋە بولۇپ، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھازىر سورتلىرى تېخىمۇ خىللىنىپ، سۈپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئويناماقتا.

ئۆرۈك ياغىچى قاتتىق، تالاسى روشەن، چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا ئۆي جاھازلىرى ۋە ھەر خىل چالغۇ ئەسۋاب ياساشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ. مېۋىسى سۇلۇق، چىرايلىق، ئۆزگىچە تەملىك، ھەر خىل ۋىتامىنلار مول بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر سۆيۈپ ئىستېمال قىلىدىغان، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىشتا تالىشىپ ئىستېمال قىلىدىغان مېۋىگە ئايلىنىپ بارغانسېرى كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن سورتىنى ۋە سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلماقتا.

ھەر 100 گرام ئۆرۈك تەركىبىدە 0.8 گرام ئاقسىل، 28 مىللىگرام كالتسىي، 20 مىللىگرام فوسفور، 0.7 مىللىگرام تۆمۈر ۋە بەلگىلىك مىقداردا ۋىتامىن A، ۋىتامىن B، ۋىتامىن B2، ۋىتامىن B17، ۋىتامىن C ۋە 10-15 مىللىگرامغىچە شېكەر قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بار.

ئۆرۈك قېقى، چېچىكى ۋە يوپۇرماقلىرىدىمۇ يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش ئوزۇقلۇق ماددىلار بار. ئۆرۈك مېۋىسىنىڭ ئۆپكە پائالىيىتىنى ياخشىلاش، نەپەسلىنىشنى نورماللاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، كۆپ تەرلەشنى توختىتىشتەك ئالاھىدە دورىلىق رولى بار.

ئۆرۈك مېغىزىنىڭ دورىلىق رولى، ئىقتىسادىي قىممىتى تېخىمۇ زور بولۇپ، ئادەتتە بىر مو ئۆرۈكلۈك باغنىڭ ئۆرۈك مېغىزىدىنلا 200 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. ئۆرۈك مېغىزىدىن يەنە مېغىز تالقىنى، مېغىز شەربىتى، مېغىز يېغى ياسىغىلى، ئۆرۈك ئۈچەكسىدىن ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كاربون ياساش قاتارلىق ئايلانما ئىقتىسادنىڭ كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي

ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن زور ئېكولوگىيەلىك
ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بۈرۈن ئۆرۈك شاكىلىنى
تاشلىۋېتەتتى، ھازىر سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-
شىپ ئۆرۈك ئۇچكىسى شاكىلى تاللىشىدىغان ئەتىۋارلىق
نەرسىگە ئايلىنىپ بىر توننىسىنى 1000 يۈەنگە يېقىن سات-
قىلى بولىدۇ. ھازىر بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخى، ئۆرۈك
ئۇچكىسى، ئۆرۈك مېغىزى (ئۆرۈك شاكىلى)، ئۆرۈك
شەربىتى (ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كاربون) ھۈنەر-سەنئەت بۇ-
يۇمىدىن ئىبارەت ئايلانما ھالەتتە ئىشلىتىشتەك يولغا
كىرىپ، قىممىتى نەچچە ئون ھەسسە ئۆرلىدى.

ئۆرۈك مېغىزىدىن تارتىلغان ماي بىلەن يەل تاشما،
قىچىشقاق، جاراھەت قاتارلىقلارنى داۋالىغاندىن باشقا ئو-
زۇقلۇق قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى.

ئۆرۈك مېغىزى تاتلىق ۋە ئاچچىق دەپ ئىككى
تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىنى ئادەتتە كىشى-
لەر دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋا-
لايدۇ، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىنىڭ خۇسۇسىيىتى مۆتىدىل
بولۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا بەلغەمنى يۇم-
شىتىپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ. چىراينى گۈزەللەشتۈرىدۇ،
ئازراق ئېزىپ ئازغىنە كۆنجۈت مېيى (كۆنجۈت مېيى بول-
مىسا باشقا سۇ مايلىرى بولسىمۇ بولىدۇ) بىلەن مەددە بار
باللارنىڭ مەقتىنى ياغلاپ قويسا مەددىنى يوقىتىدۇ ۋە
ئېمۋاتقان باللارنىڭ ئۇيقۇسىنى ياخشىلايدۇ. لېكىن
ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىنى كۆپ ئىستېمال قىلسا زەھەر-
لەپ قويىدۇ. ئۆرۈك مېغىزىنىڭ زەھەرلىشىدە ئاساسەن
زەھەرلىك بولغان سىياسفىرىك كىسلاتاسى بار بولۇپ،
كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتسە زەھەرلەپ قويىدۇ، لېكىن مېغىز
بىلەن زەھەرلەنگەندە داۋالاش ئۇچۇن، ئۆرۈك دەرىخى
قوۋزىقىدىن ئازراق تېپىپ، سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاي-
ناتقاندىن كېيىن سۈيىنى ئىچۈۋەتسە ساقىيىپ كېتىدۇ.

## ئۆرۈكنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

يېقىنقى تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئۆرۈك قېقى،
ئۆرۈك مېغىزى تەركىبىدىكى ۋىتامىن B17 نىڭ راك كې-
سەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالاھىدە رولى بارلىقى ئىسپات-
لىنىپ، ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپ،
ئۆرۈكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى،
ئىلگىرىكى ھويلا-ئاران، ئېتىز-ئېرىق، قىر بويلىرىغا تې-
كىشتىن كۆلەملەشتۈرۈپ تىكىش، يېڭى سورتلارنى يېتىش-
تۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش يوللىرى ئۈستىدە توختاۋ-
سىز ئىزدىنىپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىكى ھۆل
پېتى سېتىشتىن پىششىقلاپ ئىشلەش (قاق سېلىش، ئىسلاپ
قۇرۇتۇش) كونسېرۋا ياساش، شىرنە ياساش قاتارلىق قو-
شۇمچە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى ياساپ ئىقتىسادىي
قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەن مەھ-
سۇلاتلارنى خەلقئارا بازارلارغا كىرگۈزدى ھەمدە جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى پەيزاۋات، يېڭىسار، بۈگۈر قاتارلىق نا-
ھىيەلەر مەملىكەت بويىچە «ئۆرۈك ماكانى» دېگەن
نامنى ئالدى. پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى ھازىر بار بولغان
ئۆرۈكلۈك باغ كۆلىمى 200 مىڭ مودىن ئېشىپ، ئۆرۈك-
تىن قىلغان كىرىم ھەر بىر دېھقان نوپۇسىغا 300 نەچچە
يۈەندىن توغرا كېلىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتىكى
تۈۋرۈك كەسپكە ئايلاندى.

دۆلەت نامرات دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ،
ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن پەيزاۋات ناھىيەسى-
گىلا 3 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ ياردەم قىلىپ 42
ئورۇندا ئۆرۈك قۇرۇتۇش ئۆيى (يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈ-
نە) قۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

## ئۆرۈكنىڭ داستىخان مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى

ئۆرۈك خەلقىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك، تېبابەت،
ئۆرپ-ئادەت، ئېستېتىك ئاڭ، مەدەنىيەت قاتلاملىرىغا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ياز پەسلىدە خەلقىمىز
داستىخىنىدا ئۆرۈك كەم بولمايدۇ، تۆت پەسىلنىڭ ھەرقاند-
داق چاغلىرىدا گۈلە، مېغىز كەم بولمايدۇ، قەدىمدىن
تارتىپ ئۆرۈك مېغىزىنى تىزىق (يىپقا ئۆتكۈزۈپ) قىلىپ،
قىزلار توي قىلماقچى بولغان يىگىتكە. چوڭلار يىراقتىكى
ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، ئەزىز مېھمانلارغا سوۋغات قىلىد-
غان، ئاتا-ئانىلار، پەرزەنتلەر، قىز-يىگىتلەر، دوست-بۇ-
رادەرلەر «قوشماق» چىققان مېغىز بىلەن «قوشماق
ئاداش» ئويۇنى ئويناپ، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى،
ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتنى، مۇھەببەتنى چىڭىتىدىغان، قە-
دىرلەيدىغان، ياخشىلايدىغان، ئىناق ئائىلە بەرپا قىلىد-
غان ئادەت ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە مەك-
تىپىدىن)

# گۇننار ياررىڭنىڭ گۇمدا توپلىغان ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى

زۇلھايات ئۆتكۇر (شۋېتسىيە)

چۆچەكلەر
ئادىلخان
شاھزادە ۋە سېخىي كىشى
تازنىڭ ھېكايىسى
تۈلكە بىلەن سۈت كوزىسى
ئۈچ قېرىنداش
ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا
ئايالالارنىڭ خۇلقى توغرىسىدا
شاھ بەھرام ھەققىدە رىۋايەت
پەزىلەتلىك ئايال
نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئېشىكى
نەسىردىن ئەپەندى ۋە چۆگۈن

شېئىرلار
ماقال- تەمسىللەر
تېپىشماقلار
ئېتنولوگىيەلىك تېكىستلەر
گۇما ھەققىدە چۈشەندۈرۈش
گۇمىدىكى دەل- دەرەخلەر ۋە ھايۋاناتلار توغرىسىدا
گۇمىدىكى دېھقانچىلىق توغرىسىدا
ئۇرۇق ئۆستۈرۈش ھەققىدە
زىغىر ۋە كەندىر ئۆستۈرۈش بىلىملىرى
بېدە ئۆستۈرۈش ھەققىدە
دان ئاقلىماق ھەققىدە
قوغۇن تېرىش ھەققىدە
ئۈزۈم تېرىش ھەققىدە
يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە
قوي بېقىش ۋە يۇڭچىلىق
گىلەم توقۇش ھەققىدە
ئالتە شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ سېلىنىشى ھەققىدە
تۆگمەن ھەققىدە
تۆمۈرچىنىڭ بايانى
گۇمىدىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى
ئالتە شەھەرلىك ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە
ئالتە شەھەردىكى ئۆي ھايۋانلىرى ھەققىدە
ئالتە شەھەردىكى كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرى
مەككىگە بېرىش ھەققىدە
توي مۇراسىمى
مەكتەپلەر ھەققىدە
ئويۇنلار (ئاللايىز، چوق، جەڭ ئويۇنى، گۇل تۇتتۇق، تەمە)
تاماقلار ھەققىدە (سۇيۇقئاش، چۆچۈرە، مانتا، لەڭمەن، تاڭ بوبا)
قېزا ياساش ھەققىدە
مۇسۇلمانلار ھەققىدە
سېھىرگەرلەر ھەققىدە
ئالۋاستى ھەققىدە
پادىچى ھەققىدە
يەر تەۋرەش ھەققىدە
ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادەم تىللايدىغان سەت گەپلىرى
لەقەم ھەققىدە
نەشە ھەققىدە
تارىخىي تېكىستلەر
گۇمىدىكى ئىنقىلاب ھەققىدە
مەخسۇت ھاجىنىڭ پاسپورتى
گۇمىدىكى ئاساسىي يۆنىلىشلەر

## 1. گۇملىقلارنىڭ بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى

ئۆلتۈرگەن قوينىڭ بىجەكنىڭ تۆپىدىكى يەللىنى پىستان دەيدۇ. ئەمما قوي بوغاز بولاپ بەش- ئالتە

ئايلىق بولغاندا قوينىڭ يەللىسى پەيدا بولاپتۇ، تۇغۇتقان ۋاقتى يېقىلىشىپتۇ دەيدۇ. ناۋايلار توغراپ بۇ قوينىڭ پىستاندا گۆشت گىردە ياقىدۇ. كالا بوغاز بولاپ قالسا يا موزاي چوڭوپ قالسا كالانىڭ سۈتى تىرىلىپ كېتىدۇ. كالا بۇقا تىلەپ قاپتۇ. بۇقا كالانى ئاشتى يا ئاشالمىدى دەيدۇ. ئەگەر كالانى بۇقا ئاشسە، كالا بۇقادىن چىقىپتۇ دەيمىز، ئەگەر ئاشالمىسا كالا بۇقادىن چىقماپتۇ دەيمىز. ئايغىر چاپتى دەيمىز يا چاپالمىدى. ئەگەر ئايغىر بايتالنى چاپسە، بايتال بوغاز بولاپتۇ، چاپالمىسە، بايتال تۇتۇلماپتۇ دەيمىز. قوشقار قوينى قوغلادى يا قوغلىيالمىدى دەيمىز. ئەگەر قوينى قوشقار قوغلىغان بولسا، قوي قوشقاردىن چىقىپتۇ، يا بوغاز بولاپتۇ دەيمىز، قوغلىيالمىسا، قوي تېخى قوشقاردىن چىقماپتۇ، يا بوغاز بولماپتۇ دەيمىز. ئىشەك هاڭگى تىلەپ قاپتۇ، ئىشەكنى هاڭگى چاپتى دەيمىز. ئىت قانجىق قۇسۇپتۇ دەيمىز. قانجىق ئىتنىڭ كەينىدىن سەككىز ئون ئىت ئەرگىشىپ سەككىز ئون كۈن يۈرىدۇ. سەككىز ئون كۈندىن كېيىن قانجۇق قۇسۇپ بولاپتۇ دەيمىز. قانجىق بىلەن ئىت ئىلىشىپ قاپتۇ دەيمىز. مۈشۈك ماۋولاپتۇ دەيمىز. بىر هېكايە بار، مۈشۈك ئىلىشقاننى كۆرگەن ئادەم، سەيغ ئوتنىڭ يىلتىزىنى تاپقان ئادەم پادىشاه بولۇتمىش دەيتكەن بى گەپ با. توخانى خوراز باستى، كەپتەمۇ باشتى دەيمىز.

**2. ئالتە شەهەردە ئۆي ئېتىشنىڭ بايانى**

ئەۋۋەل ئۆي ئېتۇدۇغان يەرنى بايلەر چاڭدىتىپ جاي ئىچچىلەرنى قىچقىرىپ ئەپكېلىدۇ. جاي ئاچچىلەر يەرنى چىزىلەپ (ئۆلچەپ) باقىپ «باي، بۇ يەرگە بىر يۇيۇشلۇك ئايۋان سەراي ئاشخانە، قازناق سىغىدۇ. ئا بۇ جەككە ئىستىبراخانە سالىمىز، دەرۋازىنىڭ ئولڭ تەرىپىگە بىر پېشايۋان بىلەن بىر دەهلىزلىك قوش مېهمانخانە سالساق ياخشى بولەدۇ» دەيدۇ. باي دەيتكى: «مېنىڭ خىيالىمدا مېهمانخانىنى تاشقىرىغا سالماقچى ئىدىم، بۇنىڭ ئىچىگە مېهمانخانىنى سالساق بەك تارچۇق بوپ قالىدۇ. «جاي ئاچچى دەيتكى: «يوقسۇ باي، مەن بولمايتقان ئىشنى هەرگىز ئۆزلىرىگە دېمەيمەن. تەخى قازناقنىڭ تۆپىسگە بىر بالاخانە قىلىمىز. هەرگىز قوقمىسلا، بىر ئاختاخانە هەم پۈتىدۇ» دېگەنكىن «ئەمسە ياغاچ كەسسە! يول تەيەپتىكى يەغاچتىن ئوتتۇز يەتتە سوقۇما چىقارسىلا، ئاندىن باينىڭ بۇلۇڭدىكى ياغاچتىن قىرىق ئۈچ تال جايگە چىقىدۇ. ژىگىمە سەككىز تال سىنجە چىقارمىكى توققۇز يۈز ئەللەك تال ۋاسادىن. بىر يېرىم يىلچە بولدى تەييار قىلدۇرۇپ قويغانتىم. ئۆينىڭ ئۇلنى تۈزلەپ قويدىڭلىمۇ بالا؟ ئانداغ بوسا بەشىملىڭ پىشقىش، يەتمىشىملىڭ خامقىش يېتەرمۇ؟... يەتمەس، پىشقىشتىن ئون ئىككى مىلڭ پىشۇرۇپ بەسۇن «سەراي ئۆينى ۋاساجۇپ قىپ بەسلە، ئاشخانا بىلەن قازناقنى ۋاسا دەميان قىپ بەسلە، لېكىن ئۇستام بەك مەزمۇت بوسۇن! سوقۇمىنىڭ ئاستىغا يوغان تاش قويىمىز، بولمىسا ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. ئۆينى چىتلايمىز. سوۋاقچى بارات ئاخۇنغا دەپ قوياڭ، يېنچىگە سوۋاقنى تىك گەج قىلىمىز. پاتياق ئۆينى پۈتكۈزلى، مەن پۇلنى جىك بېرىمەن، سىلە هەم جىق كۈچ چىقىرىڭلە «باي بۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئۇلار شۇنداق ئىتتىك ئىش قىلا-قىلا مۇز تۇتۇشقا يېقىن ئۆي پۈتۈپ بولدى. بۇ ئۇستالار، ئىشلەمچىلەر «ۋاي هاجىم، ئەمدى ئۆزلىرىنى ئۆيلىگە كۆچىيەپ ئەپچىرىپ قوياپ ئاندىنكىن كېتىمىز» دەيدۇ. ئاندىن ئۆينى سۈپۈيۈپ، سۇ سېپىپ، زىلچە گىلەم كىگىز-كېچەك، چىنە-چەينەك، كۆپە كېچەك، تەخسە-پەخسەلەرنى ئۆيگە ئەپچىقىپ، يامچاقتىكى گۈللەرنى يەرلەردە قوياپ قاتا-قاتا تۇردىلە. بايمۇ ئۇلارنىڭ قىلغىنىغا خۇش بولاپ ئالدىغا ژىگىمە سەر، كەينىگە ئون سەرگىچە سىمكاردىن باشقا پۇل ئىنئام قىلىدۇ.


# بىلدۈرگۈ

**هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باهاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



# ئەنئەنۋى سۇنۇقچلىق تىبابىتى ھەققىدە

مەمەت جۇمە

يۇرتمىز كۇچا قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، جۇغراپىيەلىك ئورۇن ئەۋزەللىكى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتكە تويۇنۇش ئاساسىدا يىپەك يولىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان، جۇملىدىن كۇچا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى خېلى بۇرۇنلا ئاپىرىدە بولغان مۇھىم تىبابەتچىلىك مەركەزلىرىنىڭ بىرى.

يۇرتىمىزدا ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىق تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ۋە بۈگۈنگىچە ساقلانغان؛ ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىقنىڭ قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەجدادتىن-ئەۋلادقا مىراس قېلىپ تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، يۇرتىمىزنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كەڭ سۇنۇق بىمارلىرىنىڭ دەردىگە داۋا بولۇپ كەلمەكتە.

كۇچا ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىقنىڭ ئۆزگىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يازما ماتېرىياللاردا: «كۇچا ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىدا، داۋالاش ئۈنۈمىگە ۋە داۋالاش قىممىتىگە ئىگە بولغانلىقىدا» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئېلگىرى ناھىيەمىزنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلار كەنت، مەھەللىلىرىدە سۇنۇقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن سۇنۇقچىلار بار بولۇپ، ئۇلار كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سۇنۇق كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ كەلگەنىدى. لېكىن دەۋرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، تېببىي داۋالاش ئىلمىي تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ۋارىسلىق قىلغۇچىلار پەيدىنپەي ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئەمما ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىقى ئۆزىنىڭ مەشغۇلاتى ئاددىي، قوللىنىشچان، ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا زىيانسىز، داۋالاش ۋاقتى قىسقا، ئۈنۈمىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇش، تەننەرخى تۆۋەن بولۇشتەك

تەبىئىي داۋالاش ئەۋزەللىكى بىلەن يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچ باغلاپ داۋالىنىشىغا ئېرىشىپ كەلدى.

كۇچا ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىقى يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكىنى، ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ كەلگەن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ ۋە ئىجادچانلىقىنىڭ مەھسۇلى، داۋالاش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئۆگىنىش نىسبەتەن ئاسان بولغان، ھەرقانداق ئورۇن، ھەرقانداق جايدا قوللىنىشقا بولىدىغان، خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ، ئاساسلىقى ياغاچتىن توقۇلغان شاڭ، تۇخۇم، ئۇزۇنچاق شەكىلدىكى تارشا، يىپ-يىڭنە، مىللىي تېبابەت دورىلىرى ۋە مەلھەم دورا قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، ئۇۋۇلاش، تارتىپ سىلكىش، ئىتتىرىش قاتارلىق قول ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بوغۇمدىن ئاجراپ كەتكەن، سۇنۇپ كەتكەن جايلارنى ئەسلى جايىغا چۈشۈرىدۇ، يارىلانغان ئورۇنغا ئۆسۈملۈك دورىسى ۋە ئۆزگىچە رېتسىپ بىلەن ياسالغان مەلھەم دورىلىرىنى سۈركەپ داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ.

ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىق ئۇيغۇر تېبابىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەجدادتىن-ئەۋلادقا، ئۇستازدىن-شاگىرتقا ۋارىسلىق قىلىش شەكلى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن، كۇچانىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، كۇچا ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىقىنىڭ ئاساسلىق تارقاتقۇچىسى توقا ھاجى (1811 ـ 1891) كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئۈچئۈستەڭ يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇ 1830-يىللىرى ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ تېبابەتتىكى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزى توقۇغان رەخت ۋە ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئۆسۈملۈكتىن ياسالغان رېتسىپلىرى ئارقىلىق كۆپ قېتىم يارىلانغان سۇنۇق بىمارلىرىنى داۋالىغان، ئۇ يەنە ھەج سەپىرى جەريانىدا ئەرەبلەردىنمۇ بىر مەزگىل سۇنۇقچىلىقنى ۋە دورا ياساشنى ئۆگەنگەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قول-پۇت ۋە باش سۆڭىكى يارىلانغان نۇرغۇن بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتقان. ئۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئادەمنىڭ سۆڭەك قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش، ئىزدىنىش ئاساسىدا ئەنئەنىۋى سۇنۇقچىلىقنىڭ داڭلىق پىر-ئۇستىسىغا ئايلىنىپ، يۇرتىمىزدا سۇنۇقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىپ، مىللىي تېبابەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە ئۇنىڭ نامى پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇلغان، توقا ھاجىم ئوغلى ئىبرايىمنى كۇچا ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇتقان؛ ئىبراھىم (1870 ـ 1937) ناھايىتى چېچەن، زېھنى ئۆتكۈر بالا بولۇپ، ئۇ مەدرىستە تىرىشىپ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىپ يۇرتى ئۈچئۈستەڭگە قايتىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن مەھەللە مەسچىتىدە ئىمام خاتىپلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا مىراس سۇنۇقچىلىق كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ داڭلىق سۇنۇقچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ھەم يۇرتتىكى كەڭ بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىپ ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان. تونۇلغان سۇنۇقچى ئىبرايىم توقا 1937-يىلى ئۆز يۇرتى كۇچا ناھىيەسى ئۈچئۈستەڭ يېزىسىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايالى سېكىنخان (1894ـ 1972) ئېرىنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ سۇنۇقچىلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان ھەم پەرزەنتلىرىگە بۇ كەسپىنى ئۆگەتكەن. روزى ئىبرايىم (1922 ـ 1989) دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئانىسى سېكىنخاننىڭ ياردىمىدە ئاتا مىراس كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ سۇنۇقچىلىقنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، ھەر خىل سۇنۇق كېسەللىكلىرىگە توغرا دىياگنوز قويۇپ مۇستەقىل تېڭىپ داۋالاپ «بالا تېڭىقچى» دېگەن نام بىلەن يۇرت ئىچىدە تونۇلغان. روزى ئىبرايىم 1940-يىللاردىن تاكى 1989-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىدە ناھىيەمىز ۋە قوشنا ناھىيە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت خەلقىنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھۆرمەت تاپقان داڭلىق سۇنۇقچى بولۇپ تونۇلغان، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇنۇقچىلىق كەسپىنى ئايالى زومۇرەم ھامۇتقا (1946-يىلى 5-ئايدا تۇغۇلغان)، چوڭ قىزى ھاۋاخانغا ئۆگەتكەن، روزى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئايالى زومۇرەم ھامۇت پەرزەنتلىرى ھاۋاخان، ئانارگۈل، نۇرمەمەتلەرگە سۇنۇقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇلارنى تېببىي مەكتەپ ۋە تېببىي ئىنستىتۇتلاردا ئوقۇتۇپ ھازىرقى زامان تېببىي تېخنىكىسىدىنمۇ خەۋەردار قىلغان. ھازىر پەرزەنتلىرى ئەتراپلىق تەربىيەلىنىپ ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن زامانىۋى داۋالاش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرگەن، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن، ئىلمىي دىياگنوز قويۇش، ئىچى-سىرتىدىن ماسلاشتۇرۇپ داۋالاش ئېلىپ بارىدىغان «سۇنۇق تېڭىش ئامبۇلاتورىيەسى»نى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە، مۇناسىۋەتلىك تېببىي ئورگانلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۆلكە ــ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ــ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 ــ 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ــ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

E−mail:miras uyghur @126.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر سەنئىتى - يىپەكچىلىك




主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00元

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION
16 Gongti E. Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, P.R. China
E—Mail: [illegible]
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65866781 0086-10-65004652

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر،
14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ھەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040